
چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى

هيوگو [فرانسىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرغۇنجان سۇلتان

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۆلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: تۇرغۇنجان تۇنىياز

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئۇبۇلقاسىم



ISBN 978-7-80658-934-2

9 787806 589342 >

باھاسى: 7.50 يۈەن

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى

## ھيوگو [فرانسىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد ئابدۇرېھىم



## 图书在版编目（CIP）数据

钢铁是怎样炼成的/(苏) 奥斯特洛夫斯基著；李敏改编；买合苏木·伊拉洪译.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2006.5

ISBN 7-80658-915-5

Ⅰ.钢... Ⅱ.①奥... ②李... ③买... Ⅲ.长篇小说—苏联—缩写本—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I512.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第037232号

بۇ كىتاب جۇڭگو باللار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# پولات قانداق تاۋلاندى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك

شىركىتىدە بەت ياسالدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

فورماتى: 787 × 970 mm 1/32 باسما تاۋىقى: 6.5

ISBN 7 - 80658 - 915 - 5

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社2000年12月第1版第1次印刷版本翻译出版。

责任编辑：穆巴拉克·阿帕尔

美术编辑：阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流

责任校对：茹鲜古丽·吐尔逊
艾比布拉·艾力

审　　订：亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

**钢铁是怎样炼成的**（维文）

买合苏木·伊拉洪　译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漢尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新华印刷厂印刷
2006年5月第1版　2006年5月第1次印刷
开本：787×970 毫米　1/32　印张：6.5
ISBN 7-80658-915-5

定价：7.50元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991-4521461

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

نىكولاي ئالېكسىيېۋىچ ئوستروۋىسكى (1904 — 1936) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق پرولېتارىيات ئىنقىلابى يازغۇچىسى. ئۇ ئۇكرائىنانىڭ ۋولىنسكى ئۆلكىسى، ۋىرىيا كەنتىدىكى نامرات ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى هاراق زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى، ئانىسى باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ئىشلەمچى ئىدى. ئاتىسى جاپا ئازابىدىن كېسەل بولۇپ، بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئائىلىسى تېخىمۇ نامراتچىلىقتا قالغان. شۇڭا ئوستروۋىسكى دىنىي مەكتەپتە ئاران 3 ـ سىنىپقىچىلا ئوقۇيالىغان؛ 10 يېشىدا پويىز ئىستانسىسىدىكى ئاشخانىدا بالا ئىشچى بولغان، كېيىن ئېلېكتر ئىستانسىسىدا پار قازان ئىشچىسى بولغان، نامرات تۇرمۇشنىڭ ئازابىنى يەتكىچە تارتقان.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ پېشقەدەم بولشېۋىكلارنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسى بىلەن، سوۋېت تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، گېرمانىيە ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، قىزىل ئارمىيىگە قاتنىشىپ ئوكرائىنانى ئازات قىلىشقا ئاتلىنىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن، ئوستىرووۋىسكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىت-تىپاقىغا كىرىدۇ، شۇ يىلى قىزىل ئارمىيىگە قاتنى-شىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىدۇ. دەسلەپ پىيادە قىسىمدا بولىدۇ، كې-يىن بۇدىيوننى بىرىنچى ئاتلىق قىسىمغا يۆتكىلىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن رازۋېدكىچىك بولۇپ قالىدۇ. 1920 ـ يىلى كۈزدە، بىر قېتىملىق كەسكىن جەڭدە ئېغىر ياردار بولۇپ، ئوڭ كۆزىدىن ئايرىلىپ، يەرلىك ئورۇندا ئىشلەشكە يۆتكىلىدۇ. 1921 ـ يىلى، ئۇ ئۆزىنى ئاكتىپ-لىق بىلەن مەلۇم قىلىپ، كىيىۋ ئەتراپىدىكى تارماق تۆمۈر يولنى ياساشتەك جاپالىق خىزمەتكە قاتنىشىدۇ. ئەمگەك جىددىي ھەم ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچارچىلىق، قاتتىق سوغۇق دەستىدىن، ئۇ كىزىك ۋە رېماتىزم كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. لې-كىن ئۇ كېسەل ھالەتتە ئەمگەك قىلىۋېرىپ، ئاخىرى ئىش ئورنىدا ھوشىدىن كېتىدۇ. ئىككىنچى يىلى كې-يىۋدا چوڭ كەلكۈن كېلىدۇ، بۇ ئۇ داۋالىنىۋاتقان مەز-گىل بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزلىكىدىن ئامىنى ئۇيۇشتۇرۇپ كەلكۈن ئېلىپ كەتكەن ياغاچ ماتېرىياللارنى قۇتقۇزۇپ، يەنە ئاغرىپ يېتىپ قالىدۇ. ئۇ 1924 ـ يىلى كوممۇ-نىستىك پارتىيىگە كىرىدۇ ھەمدە ئۇكرائىنا چېگرا را-يونلۇق كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىدا رەھبەرلىك

خىزمىتىنى ئۆتەيدۇ.

ئوستىروۋسكى خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈ-رۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلىدۇ. كۆ-رەش، خىزمەت، ئېغىر جاراھەت، كېسەل، قاتتىق سوغۇق ۋە ئاچارچىلىق ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى كاردىن چىقىرىدۇ. ئوستىروۋسكى مەجرۇھلۇق كىنىشكىسىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، داۋالىنىشنى رەت قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. ئۇ خۇددى پولات «كۆچلۈك ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ، قاتتىق سوغۇقتا تاۋلانغان» غا ئوخشايدۇ. ئەمگەكتە ھەددىدىن ئارتۇق چارچاپ كەت-كەنلىكتىن، ئۇنىڭ كونا كېسىلى قايتا قوزغىلىدۇ، 1927 ـ يىلى ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق جاسارەت ۋە قەيسەر روھ بىلەن كېسەل كارىۋىتىدا ئەدەبىي ئىجا-دىيىتىنى باشلايدۇ. ئۇ تۇزۇك ئوقۇمىغان ئىشچىدىن يازغۇچىغا ئايلىنىش ئۈچۈن، بەزىدە كۈنىگە 20 سائەت كىتاب ئوقۇيدۇ، ئۇ رۇسىيە ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇيدۇ، كوممۇنىستىك سىرتتىن ئوقۇش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پۈتۈن دەرسلىكىنى ئۆزلۈ-كىدىن ئۆگىنىپ تۈگىتىدۇ. ئۇ مەھكەم بەل باغلاپ كىتاب يېزىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا ئۇ يەنە بىر يېڭى بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ، ئىككى كۆزى كۆرمەس، پۈتۈن بەدىنى پالەچ بولۇپ، بىرنەچچە بارمىقىلا مىدىرلايدىغان

بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئوستروۋسكى: «بەدىنىمدە بىرەر ھۈجەيرەم ھەرىكەت قىلىپ، بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولسا، مەن ھايات ياشايمەن، تىرىشىپ ـ تىرمىشىمەن» دەيدۇ. ئۇ 1930 ـ يىلى 11 ـ ئايدا «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن رومانىنى يېزىشقا كىرىشىپ، 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تاماملايدۇ. 1934 ـ يىلىلا يازغۇچى 31 مىڭ 700 پارچە خەت تاپشۇرۇۋالىدۇ، نۇرغۇن ئىشچىلار، دېھقانلار، مەشھۇر ئالىملار ۋە يازغۇچىلار، جۈملىدىن سېرافىموۋىچ ۋە فاتېۋ قاتارلىقلار كەينى ـ كەينىدىن ئۇنى زىيارەت قىلىدۇ. خەلقنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغان ئوستروۋسكى مۇنداق دەيدۇ: «مەن تۇرمۇشنىڭ ماڭا مۇنداق زور بەخت ئېلىپ كېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان، قورقۇنچلۇق پاجىئە يوقىتىلدى، بىتچىت قىلىندى، پۈتكۈل تۇرمۇشتا ئىجادىيەت ھەممىنىڭ ئۈستىدىن غا- لىب كەلگەچكە خۇشاللىق بىلەن تولدى.»

ئۇنىڭدىن باشقا، ئوستروۋسكى يەنە نۇرغۇن سىيا- سىي ماقالىلەرنى يېزىپ، سوۋېت سوتسىيالىستىك ۋە- تەننى كۈيلىدى، كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە دەككە بەر- دى، شۇنداقلا تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنى- شىنى كۆرسىتىپ بەردى، بۇ ماقالىلەر يۈكسەك ئىدى- يىۋىلىككە ۋە كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە. 1934 ـ يىلى ئوستروۋسكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار

جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇپ كىردى. ئۇنىڭ پرولېتارىيات ئىشلىرىغا قوشقان كارامەت تۆھپىسىنى تەقدىرلەش ئۈ-چۈن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1935 ـ يىلى ئۇنىڭغا لېنىن ئوردېنى تەقدىم قىلدى. 1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ «بوران بالىلىرى» رومانى (ترولوگىيىنىڭ بىرىنچى قىسمى) نى يېزىشقا كىرىشتى، بۇ ئەسەر ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئالتە كۈن ئىلگىرى بېكىتىلىپ، ياز-غۇچى دەپنە قىلىنىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى نەشىردىن چىقتى، بۇ روماندا ئىچكى ئۇرۇش يىللىرىدىكى ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوغداش يولىدىكى كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئوستروۋسكى 1936 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ۋاپات بولدى.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

زال ........................................................ 1
كاردىنال جانابلىرى ................................. 12
كاشىمۇدۇ ........................................... 17
ئىسمىرادا ........................................... 20

## ئىككىنچى قىسىم

گرىپيۇۇ مەيدانى ..................................... 22
خەتەرلىك كوچا ..................................... 38
چىقىلغان ئىستاكان ................................. 45

## ئۈچىنچى قىسىم

توي كېچىسى ......................................... 57
جازا سۇپىسى ......................................... 64
خەت قۇراشتۇرۇشتىكى سىر ........................... 76

فۇرونۇنىڭ سۇرۇشتۇرۇشى .......................... 84
مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ باشلىقى بىلەن
قىزچاق ................................................ 92

## تۆتىنچى قىسىم

سوت قىلىش ................................................ 101
قاتتىق قىيناش ............................................ 110
جاننى قۇتقۇزۇشنىڭ يولى ................................ 115
ئارغامچا .................................................... 121

## بەشىنچى قىسىم

شەھەر ئۈستىدە ........................................... 128
ھۇجۇم قىلىشنى مەخپىي پىلانلاش ...................... 132
يېرىم كېچىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ .......................... 139
ئانا بىلەن قىزنىڭ قايتا ئۇچرىشىشى ..................... 154
قوڭغۇراق ئاۋازى ........................................... 170
ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل .............................. 184

# بىرىنچى قىسىم

## 1

— بايرامنىڭ ئالدىدا بىزنىڭكىگە قايتا ئىمتىھان بەرگىلى بارغانلار ئورنىڭلاردىن تۇرۇڭلار!

پوپ ۋاسلى پۇتۇن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ھو-مىيىپ تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

ئالتە بالا ئورنىدىن تۇردى — ئۇلارنىڭ تۆتى ئوغۇل، ئىككىسى قىز ئىدى. پوپ ئىككى قىزغا قول ئىشارىتى قىلىپ: — سىلەر ئولتۇرۇڭلار، - دېدى.

پوپ ئورۇندۇقنى بىر ياققا سۈرۈپ، غۇژمەك بولۇپ تۇرغان تۆت ئوغۇل ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سەن شۇمتەكلەردىن قايسىڭ تاماكا چېكىسەن؟

تۆت بالا دۇدۇقلاپ:

— پوپ، بىز... بىز تاماكا چەكمەيمىز، — دېيىشتى قورققان ھالدا.

پوپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى:

— «ئەبلەخلەر، تاماكا چېكىشمەمسەن، تېخى! ئەمە-سە ھېلىقى خېمىردىكى تاماكا زادى نەدىن كەلدى؟ ئۇ-

زۇڭلارچە مېنى ئۈچ ياشلىق بالا دەپ قالدىڭلارمۇ؟ كە-مىگنى ئالدىشسەن يانچۇقۇڭنى ئۆرۈش! تېز! ئاڭلاش-تىڭمۇ؟ يانچۇقۇڭنى ئۆرۈش!

ئۇلاردىن ئۈچ بالا ئاستا يانچۇقىدىكى نەرسىلەرنى ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇشتى. پوپ بىرەر تاماكا ئۇ-ۋۇندىسى چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئويلىغۇدى، ھېچنېمە چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇلۇپ تۆتىنچى بالىغا ـ قارا كۆز، كونا كۆل رەڭ كۆڭلەك ۋە تىزىغا ياماق سېلىنغان كۆك ئىشتان كىيگەن بالىغا قارىدى.

قارا كۆز بالا پوپقا قاتتىق ئۈچ ئىدى. ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ:

— «مېنىڭ بىرمۇ يانچۇقۇم يوق، — دەپلا، تىكە-ۋەتكەن يانچۇقىنى سىلاشتۇردى.

— ھىم، بىرمۇ يانچۇقى يوقمىش؟ مېنى پاسخا بايرىمىدىكى خېمىرنى بۇلغىغان يىرگىنىشلىك ئىشنى كىم قىلغانلىقىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلامسەن؟ سەن كەپسىزنى بۇ قېتىم بوش قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ. سې-نىڭچە مەكتەپ سېنى يەنە ئوقۇتارمۇ؟ ئالدىنقى قېتىم ئاپاڭ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغان، بۇ قېتىم ھەرقانچە قىلىپمۇ قۇتۇلالمايسەن. يوقال كۆزۈمدىن.

ئۇ ھېلىقى بالىنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ، سۆرەپ تا-لاغا چىقىرىۋېتىپ، گۇپپلا قىلىپ ئىشىكنى يېپىۋالدى.

ۋەقەنىڭ جەريانىنى پاۋېلنىڭ يېقىن دوستى سېر-يوژكا بىروززژاكلار بىلەتتى — ھېلىقى كونى پوپىنىڭكىگە قايتا ئىمتىھان بەرگىلى بارغاندا، ئۇ پاۋېلنىڭ بىر سىقىم تاماكا ئۇۋۇتقىنى پاسخا بايرىمىغا ئاتاپ تەييارلاپ قويۇلغان خېمىرغا سېپىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالغانىدى.

پاۋېل مەكتەپتىن ھەيدەلدى.

مەكتەپتىن ھەيدەلگەن پاۋېل مەكتەپ ئالدىسكى پەلەمپەيدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئەمدى ئۆيگە قانداق قايتارمەن دەپ ئويلايتتى. ئۇ باجگىرنىڭ ئۆيىدە ئاشپەزلىك قىلىدىغان، ئەتىدىن - كەچكىچە جاپالىق ئىشلەيدىغان، ھەممە ئىشقا ناھايىتى ئەستايىدىل قارايدىغان ئانىسىغا بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟

ئۇ بولارنى ئويلاپ ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى: ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ ھەممىسى شۇ ئۆلگۈر پوپنىڭ كاساپىتى. ئەسلى تاماكا ئۇۋۇتقىنى سېپىشنى سېرىيوژكا ئۆگەتكەن، لېكىن ئۇ قۇتۇلۇپ قالدى.

....دەرس تۈگىدى، مەكتەپ مۇدىرى پاۋېلنى ئىشخانىسىغا چاقىردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مەكتەپتىن ھەيدەلدى.

ئانىسى پاۋېلنى ژوگزال ئاشخانىسىغا باشلاپ باردى. ئاشخانا خوجايىنى پاۋېلنىڭ يېشىنى سوراپ ئۇنى ئېلىپ قالدى:

— بوپتۇ قالسۇن. ئېيىمغا سەككىز رۇبلى ئالىدۇ، ئىشلىگەندە، تاماق بېرىلىدۇ، بىر كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ بىركېچە-كۈندۈز دەم ئالىدۇ. بۈگۈندىن تارتىپ ئىشقا چۈشسۇن، — دېدى.

بىر ئايال كۆتكۈچى پاۋېلنى باشلاپ ماڭدى، ئانىسى كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ پىچىرلاپ تاپىلىدى:

— پاۋېل، قەدىرلىكىم، ئوبدان ئىشلە، يۈزۈمنى يەرگە قاراتما.

ئۇ ئوغلىنى مەيۈسلۈك بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆيىگە قايتتى. ھېلىقى ئايال كۈتكۈچى پاۋېلنى قاچىلارنى يۇيۇۋاتقان ئايالنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭ مۇرىسىگە بىرنى قويۇپ:

— فروسە، بۇ بالا ئەمدىلا كەلدى. ئۇنىڭغا نېمە ئىش قىلىشنى ئۆزۈڭ دەپ بەرگىن، — دېدى. ئاندىن پاۋېلغا بۇرۇلۇپ:

— ئۇ بۇ يەرنىڭ باشلىقى. ئۇ نېمە قىل دېسە، شۇنى قىلىسەن، — دېدى.

پاۋېلنىڭ ئەمگەك ھاياتى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

ئۇ ھېچقاچان تۈنجى قېتىم ئىشچى بولغان كۈندىكىدەك كۈچەپ ئىشلەپ باققان ئەمەس. ئۇ بۇ يەرنىڭ ئۆيىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، گەپكە كىرمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

بۇ كۆنى ئۇ نېمە قىل دېسە، شۇنى قىلدى. يېرىم كېچىدە پەستىكى ئاشخانىغا چۈشتى. ھېلىقى يېشى چوڭراق ئايال ئىشچى ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ مىننەتدارلىق بىلەن:

— بۇ بالا بەك ياخشىكەن، ئىشنى ئۆزى بىلىپلا ئىشلەيدىكەن، — دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت يەتتىدە، ھېرىپ ھېچ ھالى قالمىغان پاۋېل ئىسمېنا ئالماشتى.

ئەتىگەن قۇياش ياغاچ زاۋۇتىنىڭ كەينىدىن ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. پاۋېل قۇياش نۇرى ئاستىدا كېتىۋې-تىپ، ئەمدى ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچى بولۇپ قالغانلى-قىنى، ھېچكىمنىڭ ئۆزىنى ھارام تاماق دېيەلمەيدىغانلى-لىقىنى ھېس قىلدى.

— قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ھويلىدا چاي قاينى-تىۋاتقان ئانىسى.

— ناھايىتى ياخشى، — دەپ جاۋاب بەردى پاۋېل. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزىدىن ئۆيىنىڭ ئىچىگە قاراپ، ئا-كىسى ئارتيومنىڭ بەستلىك گەۋدىسىنى كۆرۈپ قالدى.

— ئاكاڭ ئاخشام قايتىپ كەلدى. ئەمدى ئۆيدە تۇ-رۇپ ۋاگونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەيدانىدا ئىشلەيدىغان بولۇپتۇ دېدى ئانىسى پاۋېلغا.

پاۋېل ئارتيومدىن سەل تەپ تارتاتتى. ئارتيوم پاۋېلنىڭ

ئىشىنى ئۇقۇپ بولغانىدى.

ئۇ سالماقلىق بىلەن پاۋېلغا مۇنداق دېدى:

— ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، بۇنىڭدىن كېيىن پەخەس بول، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىل. سەن بەگ ۋاش نەگىلا بارساڭ ئىش تېرىيسەن، ئەمدى ئوبدان ئىشلە، ئەمدى ئۇ يەردىن قوغلىنىدىغان ئىشنى قىلما. ئېسىڭدە بولسۇن، ئەمدى ئاپامنى قاقشاتما. كېيىن مەن سېنى بىر ئامال قىلىپ ۋاگونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەيدانىغا شاگىرتلىققا ئالدۇرىمەن، بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىۋالساڭ ئۆزۈڭگە ياخشى، بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئادەم بولغىن جۇمۇ پاۋېل.

ۋوگزال ئاشخانىسى كېچە - كۈندۈز توختىماي تىجارەت قىلاتتى.

شېپتوپكا ۋوگزالى ئالتە تۆمۈر يول بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى. يۈزلىگەن پويىز بۇ يەرگە كىرىپ چىقىپ، ئورۇش سېپىنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگە مېڭىپ تۇراتتى. سانسىزلىغان، ياردارنى ئالدىنقى سەپتىن قايتۇرۇپ كېلەتتى، يەنە يېڭى ئەسكەرلەرنى كەلكۈندەك ئالدىنقى سەپكە ئېلىپ ماڭاتتى.

پاۋېل ئاشخانىدا ئىككى يىل ئىشلىدى. ئۇ ئاشخانىدىكى شاگىرتچاق كىلىمكا بىلەن يېقىن دوست بولۇپ قالدى. ئىككى يىل جەريانىدا، پاۋېل تۇرمۇشنىڭ

ئەلڭ چوڭقۇر ۋە ئەلڭ تۆۋەن قاتلاملىرىنى كۆردى. ئۇ ۋوگزال ئاشخانىسىدىكى خوجايىنلارنىڭ چوڭ يەپ ـ چوڭ ئىچكەنىنىڭ ئۇستىگە، قىمار ئويناشلىرىغا، شۇنداقلا قاچا يۇيىدىغان ئايال ئىشچىلارنى ۋە ئايال كۇتكۇچىلەرنى ھەر ۋاقىت بوزەك قىلىشىغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى. ئۇ فروسەنىڭ ئازابلانغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

بىر كۈنى دەم ئالغان كېچىدە، پاۋېل يېقىن دوستى بىلەن ئوچاق ئالدىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، ئاشخانىدا ئۇلاردىن باشقا ئادەم يوق ئىدى.

پاۋېلنىڭ ئۆتكۇر كۆزلىرى كىلىمكاغا تىكىلدى. كىلىمكا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە تەسۋىرلەپ بولمايدىغان غەمنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقىدى. بۇ ئۇنىڭ ھەمراھىنىڭ كۆزلىرىدىكى بۇنداق ئالامەتنى تۇنجى قېتىم بايقىشى ئىدى.

شۇ ئاغشىمى پاۋېل يېقىن دوستىغا ئۆزىنىڭ نارازىلىقى ۋە غەزىپىنى سۆزلەپ بەردى:

— بۇ بىر ئىپلاس يەر، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى لۇكچەك ـ ئۇششۇقلار، ئۇلارنىڭ پۇلى بولغاچقىلا بىزنى ھايۋان قاتارىدا كۆرىدۇ، قىزلارنى نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدۇ، بۇ يەرگە كەلگەن قىزلارنىڭ ھەممىسى تۇرىدىغان جايى يوق، يەيدىغان نېنى يوق بىچا-

رىلەر، ئۇلار قورساقنى دەپلا كەلگەن، ئاچ قالماسلىق ئۇچۇن نېمە دېسە ماقۇل دەيدۇ!

پاۋېل ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەردىنى ئېيتىۋالدى. ئۇ، دۇنيادىكى ئادالەتسىزلىكنى ھېس قىلدى! بۇنداق تۇرمۇشنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى!

پاۋېلنىڭ بۇ يەردىكى ئىشنىڭ ئاياغلىشىشى ئۇ-نىڭ پەرەز قىلىشىدىنمۇ تېز بولدى.

يانۋارنىڭ سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئەتىگىنى، پاۋېل ئەسلى ئىشتىن چۈشۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن نۆۋەتچىلىكنى ئۆتكۈزۈۋالغۇچى كەلمىدى. ئۇ كېتىۋېرەي دېسە خوجايىننىڭ ئايالى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن شۇنچە ھېرىپ كەتكىنىگە قارىماي، يەنە بىر كېچە، كۈندۈز ئىشلەشكە توغرا كەلدى. كېچىسى راستلا بەر-داشلىق بېرەلمەي قالدى. ئۇ جۇمەكنى بۇرىغانىدى، سۇ چۈشمىدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ جۇمەكنى ئەتمەيلا ئوتتۇن-نىڭ ئۈستىگە گۈپلا چۈشۈپ ئۇخلاپ قالدى. كېيىن سۇ كېلىپ، جۇمەكتىن چىققان سۇ ئاشخانىنىڭ پولىنى بېسىپ كەتتى. ئىسمىنىدا ئىشلەۋاتقان بىرنەچچە كۈت-كۈچى قاچا يۇيۇش ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۇخلاۋاتقان پاۋېلنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. پاۋېل شۇنىڭ بىلەن ئىشتىن قېپقالدى.

كېيىن، ئاكىسى ئارتيوم ئۇنىڭغا ئېلېكتر ئىستان-سىسىدىن بىر ئىش تېپىپ بەردى.

## 2

1917 ـ يىلى قىش، «چار پادىشاھ تۈگىشىپتۇ!» دې-
گەن خەۋەر بۇ كىچىككىنە شەھەرگە خۇددى قۇيۇندەك
ھەيۋە بىلەن يېتىپ كەلدى.

شەھەردە بىردەملىك شاۋقۇنلۇق ئۆتۈپ كېتىپ، ئا-
دەتتىكى جىمجىتلىق ئەسلىگە كەلدى.

ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، بولشېۋىكلارنىڭ پارتى-
زانلار ئەترىتى بۇ كىچىك شەھەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ،
ئىككى ئىش قىلدى:

بىرىنچىدىن، شەھەردە ساقلىنىپ تۇرغان 20 مىڭ
مىلتىقنى ئاھالىلەرگە تارقىتىپ بەردى، ئىككىنچىدىن،
ماتروس جوھراينى شەھەردە خىزمەت ئىشلەشكە قالدۇ-
رۇپ قويدى.

پارتىزانلار ئەترىتى كېتىپ ئۈچىنچى كۈنى گېر-
مانىيە ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىردى.

— نېمىسلار كەلدى، — دېگەن خەۋەر تېزدىن پۈتۈن
شەھەرگە تارالدى.

شەھەر خۇددى ئۆۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك پاتى-
پاراقچىلىققا چۆمدى.

ھەممە شەھەر ئاھالىسى كوچىغا چىقىشقا پېتىنالماي،

قاشا تامغا ياكى ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇشتى.

گېرمانىيە ئەسكەرلىرى شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى مەيدانغا كەلدى. كۆك شىنېل كىيگەن ئوفىتسېر گېتمان مۇشۇ شەھەرنىڭ قوماندانى مايور گولوفنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇنلۇك ئوقۇدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈن ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتتى.

ماتروس جوھراينىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسىدا ئىشلەۋاتقىنىغا بىر ئاي بولدى. ئۇنى ئارتيوم تونۇشتۇرغانىدى. ئۇ پاۋېل بىللەن بىللە ئېلېكتر ئىستانسىسىدا ئىشلەيتتى. پاۋېل جوھراينى تۇنجى قېتىم ئۆيدە كۆرگەندە، ئۇنىڭ تەمكىن كۆل رەڭ كۆزلىرى، ئۆتكۈر قاراشلىرى، قاپاق تېرەكتەك قاۋۇل بەستى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.

پاۋېل ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭ بىلەن يېقىن دوست بولۇپ قالدى.

مانتىيور، شاگىرتلىققا كىرگەن بۇ ئوت ياقارغا گېنېراتورنىڭ تۈزۈلۈشىنى سۆزلەپ بېرىپ، بۇنى ئاستا ــ ئاستا بىلىۋېلىشنى تاپىلىدى.

جوھراي بۇ چېچەن بالىنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئارتيوم بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە پات ــ پات پاراڭلىشىپ تۇراتتى، تۇرلۇك ئىشلارنى ئاڭلايتتى؛ بولۇپمۇ،

ئانىسىنىڭ پاۋېلنىڭ كەپسىزلىكى توغرىسىدىكى ئاغ-رىنىشلىرىنى تېخىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلايتتى.

بىر كۈنى جوھراي كۈلۈپ تۇرۇپ، پاۋېلدىن:

— ئاپاڭ سېنى خۇددى چۈجە خورازغا ئوخشاش سوقۇشقاق دەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى - دە، كۈلۈپ كەت-تى، — سوقۇشۇش يامان ئىش ئەمەس، بىراق كىمنى ئۇرۇشنى ۋە نېمىشقا ئۇرۇشنى بىلىشىڭ كېرەك.

— مەن بىكاردىن - بىكار سوقۇشۇپ باققىنىم يوق، ھامان مەلۇم سەۋەب بىلەن سوقۇشۇپ قالىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— ھەقىقىي مۇشتلىشىشنى ئۆگىنىپ قويۇشۇمنى خالامسەن؟ — دەپ تۇيۇقسىزلا سورىدى جوھراي.

— ھەقىقىي مۇشتلىشىش دېگەن نېمە ئۇ؟ — دەپ سورىدى پاۋېل ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ.

— ئۇنداق بولسا، قاراپ تۇر.

جوھراي مۇشتلىشىش ئۇسۇلىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. ھەم قولمۇقول ئېتىشىپ ئۆگەتتى. جوھراينىڭ مۇشتى پاۋېلنى كېيىنى - كېيىندىن موللاق ئاتقۇزىۋەتتى، لېكىن پاۋېل بۇنىڭغا چىداپ ئۆگەندى.

بىر كۈنى ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەندى، پاۋېل قىلىدىغان ئىش يوق، ئاخىر ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جايغا — قورۇنىڭ بىر بۇلۇڭىغا سېلىنغان لاپاسنىڭ

ئۈستىگە چىقتى ـ دە، ئوتتۇرىسىغا ئۆتۈپ ئاپتاپتا سو-زۇلۇپ ياتتى.

بۇ لاپاسنىڭ بىر تەرىپى ئادۇوكات لىششىنىسكى-لارنىڭ بېغىغا ئۇدۇل ئىدى. پاۋېل لاپاس ئۆگزىسىدە تۇرۇپ بوينىنى سوزۇپ، هويلىنىڭ تەرىپىنى ۋە ئۇ يەردە تۇرغان تۆت چاقلىق بىر خادىكنى كۆردى. گېرمانىيە لېيتېنانتى لىششىنىسكىلارنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى.

بۇ چاغدا هېلىقى لېيتېنانت ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتاتتى. بىركەمدىن كېيىن ئۇ سىرتقا چىقىپ، بىر پارچە خەتنى مۇلازىمەتچى ئەس-كەرگە بېرىپ قويۇپ، لىششىنىسكىنىڭ قىزى نىللىنى قولتۇقلاپ كوچىغا چىقىپ كەتتى.

پاۋېل هەممىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇردى.

پاۋېل لېيتناتنىڭ خانىسىغا قارىۋىدى، هەممە نەرسە ئېنىق كۆرۈندى. ئۈستەل ئۈستىدە بىر تاسما بىلەن پارقىراپ تۇرغان بىر نەرسە تۇراتتى.

پاۋېل توسۇغىلى بولمايدىغان بىرخىل قىزىقىشنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن، كىلاس دەرىخىگە چىقىپ، ئۇنىڭدىن باغقا چۈشۈپ، ئېگىشىپ مېڭىپ، هېلىقى ئۆينىڭ دې-رىزىسى يېنىغا كەلدى. ئۇ ئۆينىڭ ئىچىگە سىنچىلاپ قارىدى: ئۈستەل ئۈستىدە بىر رىمىن بىلەن غىلاپقا سېلىنغلىق چىرايلىق «مانلىخىر» تاپانچىسى تۇراتتى.

پاۋېل ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي ئۆيگە سەكرەپ چۈشۈپ، تاپانچىنى غىلاپتىن چىقىرىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ باغقا سەكرىدى ـ دە، تاپانچىنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئۆيىگە چاپتى.

پاۋېل ئۆيدىن بىر پارچە لاتىنى ئالدى ـ دە، غىپپىدە چىقىپ، ئورمانلىققا بارىدىغان يولغا قاراپ يۈگۈردى.

ئۇ يوتىسىغا ئۇرۇلىۋاتقان تاپانچىنى تۇتقان پېتى ئۆرۈلۈپ كەتكەن خۇمدانغا قاراپ يۈگۈردى.

كونا خۇمداننى ياۋا ئوت ـ چۆپلەر قاپلىغان بولۇپ، تولىمۇ چۆلدەرەپ تۇراتتى. پاۋېل بىر تۆشۈكتىن ئوچاقنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ھېلىقى لاتىغا ئورالغان تاپانچىنى ئاۋايلاپ ئوچاقنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇپ پارچە خىشلار بىلەن ئۈستىنى باستۇرۇپ قويدى.

ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ پۇتلىرى توختىماي تىترەپ تۇراتتى.

— بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ — دەپ ئويلىدى پاۋېل ئىشلەۋېتىپ. كېچە سائەت 11 گە يېقىن جوھراي يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

— بۈگۈن سىلەرنىڭ ئۆيىنى نېمە ئۈچۈن ئاختۇرۇشتى، — دەپ سورىدى پىچىرلاپ ئۇ.

پاۋېل دىگىدە چۆچۈپ كەتتى.

— نېمىنى ئاختۇرىدىكەن؟

جوھىراي بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن:

— ھېچ ۋەقەسى يوق. سەن ئۇلارنىڭ نېمىنى ئاخ-تۇرىدىغانلىقىنى راستىلا بىلمەمسەن؟ — دېدى.

پاۋېل ئەلۋەتتە بىلەتتى، لېكىن ئۇ جوھىرايغا راس-تىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ قورقۇپ تىترە-رەپ:

— ئارتيومنى تۇتۇۋالدىما؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، بىراق سىلەرنىڭ ئۆينى ئاختۇرۇپ ئاس-تىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىپتۇ.!

پاۋېل بىلەن جوھىراي ئۆز خىيالى بىلەن ئىدى، بىردەم شۈك تۇرغاندىن كېيىن ئۆز ئىشىغا مېڭىشتى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، ئاختۇرۇشتىن ھېچ نەتىجە چىقمىدى.

بۇ قېتىمقى تاپانچا ئوغرىلاش ئىشى پاۋېل ئۈچۈن چوڭ تەجرىبە بولدى: ئۇ ئەمدى ھەرقانچە چوڭ ئىش بولسىمۇ قورقمايدۇ، ھەرقانچە چوڭ خېيىمخەتەرمۇ ئۆ-تۈپ كېتىدۇ.

## 3

تونە دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ، يېقىملىق باغقا غەمكىن قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئوقۇپ بولالمىغان رومانىنى ئېلىپ، تالاغا چىقىپ، چوڭ يولغا كەلدى. بۇ يول باغچىلاردىكى

دەرەخلىك يوللارغا ئوخشايتتى، يولنىڭ ئۇلۇڭ تەرىپى قويۇق ئۆسكەن مەجنۇنتال ۋە سۆگەتلەر بىلەن ئورالغان كۆل، سول تەرىپى ئورمانلىق ئىدى.

ئۇ بىر ئوغۇل بالىنىڭ كۆل بويىدا بىلىق تۇتۇۋاتقا قارماق سىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ھېلىقى بالا تونەنىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيمىدى.

— بۇ يەردىمۇ بىلىق تۇتقىلى بولامدۇ؟

ھېلىقى بالا — پاۋېل ئاچچىقى بىلەن كەينىگە بۇ-رۇلۇپ قارىدى. ناتونۇش بىر قىز سۆگەت شاخلىرىنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇچىسىغا ياقىسىدا كۆك يوللىرى بار ئاق ماتروسچە كوپتا ۋە ئاچ كۇل رەڭ قىسقا يوپكا، ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن چىرايلىق پۇتلى-رىغا ئۇستىگە گۇل چېكىلگەن قىسقا پايپاق ۋە كە-رىشناۋاي تۇپلەي كىيگەنىدى. قوڭۇر چاچلىرىنى يوغان بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغانىدى.

قارماق دەستىسىنى تۇتقان قولى سەل مىدىرلاپ كەتكەچكە، لەيلىگۈچمۇ قىمىرلاپ كېتىپ، سۇ يۈزىدە مەيىن دولقۇن پەيدا بولدى.

— تارتىۋاتىدۇ، قاراڭ، قارماقنى تارتىۋاتىدۇ...، — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى قىز.

پاۋېلنىڭ جۇدۇنى تۇتتى. — نەس باستى! ئەمدى بې-لىق تۇتقىلى بولامدۇ! نەدىن كەلدى بۇ ئالۋاستى....، — دەپ

ئويلىدى پاۋېل خاپا بولغان هالدا. ئۇ قارماق دەستىسىنى كۆتۈرۈپ، قارماقنى كۇچەپ تېخىمۇ يىراققا تاشلىدى، ئويلىمىغان يەردىن قارماق سۇدىكى ئوت- چۆپلەرگە ئىلىنىپ قالدى.

— ئاپلا ئىلىنىپ قالدى، تارتىۋالغىلى بولمايدۇ- دە، ئەمدى. بۇ قىز مېنى زاڭلىق قىلىدىغان بولدى- دە، ئۇ بۇ يەردىن كەتسە بولاتتى!- دەپ ئويلىدى پاۋېل ئىچىدە.

تونە بولسا ئاستا سىلكىنىپ تۇرغان سۆگەتنىڭ شېخىدا تېخىمۇ راھەتلىنىپ ئولتۇراتتى.

پاۋېل ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان سۇدىن قىزنىڭ كۇلۇمسىرەپ تۇرغان يۈزىنى كۆردى.

— ئەجەب ئاچچىقىمنى كەلتۈردى، — دەپ ئويلىدى پاۋېل.

سۇ مۇنارىسى قېشىدىكى كۆۋرۈكتە ئىككى ياش مۇشۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. بىرى ۋاگونلارنى ئو-رۇنلاشتۇرۇش مەيدانىنىڭ باشلىقى ئىنژېنېر خالىكىنىڭ ئوغلى سۇخاركو ئىدى، ئۇ بەك ئەخمەق ۋە جېدەلخور بالا ئىدى. ئۇ قولىدا بىر ئېسىل قارماق تۇتقان پېتى كۆ-رەڭلىك بىلەن پاپىروسى چىشلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكىسى بولسا ئېگىز، ئورۇق ۋە تولىمۇ ئەركە ۋىكتور ئىدى.

## كاشىمۇدۇ

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە، كېبونۇرنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كېرەكلىك ھەممە نەرسە تەخ بولدى. كىچىك چېركاۋ غەلىتە ئويۇن ـ كۇلكە مەيدانى قىلىپ تاللاندى، كىچىك دېرىزىنىڭ بىر كۆزنىنىڭ ئەينىكى چېقىۋېتىلىپ، تاش راملىرى قالدۇرۇلدى. نادانلار شاھى بولۇپ سايلىنىشتا رىقابەتلىشىدىغانلار ئاشۇ يەردىن بې-شىنى چىقىرىپ يۈزىنى كۆرسەتمەكچى. بەلگىلىمە بو-يىچە نامزاتلار مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ھەممىسى يۈزىنى توسۇپ ئاشۇ چېركاۋدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشى، كۆرۈنۈش نۆۋىتى كەلگەندىلا ئاندىن يۈزىنى ئېچىشى كېرەك. بىردەمدە كىچىك چېركاۋ نامزاتلار بىلەن تول-دى، ئىشىكمۇ ئېتىۋېتىلدى.

كاردىنال تىلاۋەت قىلىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ كېتىپ قالدى. بۇ جانابنىڭ يېگىلىپ قالغانلىقتىن ئاستا تىكىۋەتكەنلىكىگە پەقەت جويىم ھانلا دىققەت قىل-دى.

ئويۇن باشلاندى، ئۇچبۇلۇڭلۇق، پەلەمپەيسىمان، كونۇس شەكىللىك ۋە كۆپ تەرەپلىك دېگەندەك شەكلى ھەر خىل، ئاجايىپ ـ غارايىپ چىرايلار ھېلىقى دېرىزى-دىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى، قىسقىسى، ئۇ، ھەزىلكەش-لەرنىڭ نىقابىدىن قۇراشتۇرۇلغان كالېيدوسكوپىنىڭ

ئۆزى ئىدى. دېرىزىدىن كۆرۈنۈۋاتقان چىرايلار خۇددى كۆسەيگە، مەشتىن چىقىۋاتقان تۈتۈنگە ئوخشايتتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىۋاتقان كىشىلەر ئىچىدىن خۇددى ھاشارات قانات قاققاندا چىققان ئاۋازغا ئوخشايدىغان يېقىمسىز ئاۋاز ئاڭلاندى:

— قاراڭلار، بۇ بەتبەشىرە چىرايغا!

— ياخشى بولدى! ياخشى بولدى! تازىمۇ ياخشى بولدى!

بۇ چاغدا پارقىراپ تۇرغان، تولىمۇ سەت، غەلىتىلىكتە تەڭدىشى يوق بىر چىراي كۆرۈندى، بۇ چىرايىنىڭ بۇرنى تۆت چاسا، ئاغزى ئات تۇيىقىدەك يوغان، پىتتەك كىچىككىنە سول كۆزى چوشقىنىڭ تۈكىدەك قىزىل قېشىنىڭ ئاستىغا، ئوڭ كۆزى بولسا يوغان بىر توپۇقنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان، ھەڭگاڭ چىشلىرى ئېگىز - پەس، پىلىنىڭكىدەك ئۇزۇن بىر چىشى قوپال دورداي كالپۇكلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرغان، ئېڭەكلىرى پۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ناھايىتى بىپەرۋا، ھاڭ - تاڭ قالغان، ھەسرەتلىك ھالەتتە ئىدى.

پۈتۈن مەيداندىن چۇقان كۆتۈرۈلدى، كۆپچىلىك بىر - بىرىنى قىستاپ چېركاۋغا ئاقتى، ئۇلار تەلەيلىك نادانلار شاھىنى باشلاپ چىقتى. بۇ چاغدا ھەيرانلىق ۋە ئاپىرىن ئوقۇش چەككە يەتتى. ئەسلىدە ھېلىقى غەلىتە چىراي ئۇنىڭ تەبىئىي تەلەتى ئىكەن ئەمەسمۇ!

ئۇ ئىككىسى تونەننىڭ يېنىغا كەلدى. سۇخاركو ئاغزىدىكى تاماكىنى تاشلاپ، ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلدى:

— ياخشىمۇسىز، تومانوۋا خېنىم، — دېدى - دە، ۋىكتورنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى.

— بۈگۈن ئەجەب بىلىق تۇتماپسىزغۇ؟

— قارماق ئەكەلمەپتىمەن، — دېدى تونە.

سۇخاركو دەرھاللا خۇشامەت قىلىپ:

— ئاۋۋال مېنىڭكىنى ئىشلىتىپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا يەنە بىرىنى ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى.

— كېرىكى يوق، باشقىلارغا كاشىلا قىلىپ قويىمىز؛ قارىماسىز، بۇ يەردە بىرسى بېلىق تۇتۇۋاتىدۇ، — دېدى تونە.

بۇ چاغدا ئۇ مەجنۇنتال يېنىدا ئولتۇرغان پاۋېلنى كۆردى.

— مەن ھازىرلا ئۇنى قوغلىۋېتىمەن! — سۇخاركو شۇ زامات پەسكە چۈشۈپ پاۋېلنىڭ يېنىغا باردى.

— ھەي، دەررۇ قارمىقىڭنى يىغىشتۇرۇپ، بۇ يەر- دىن يوقال! — دېدى ئۇ پاۋېلغا.

پاۋېل ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن بىر ھومىيىپ قويۇپ، مىدىر قىلماي ئولتۇرۇۋەردى ۋە:

— ئاستىراق گەپ قىل دورداي كالپۇك! نېمانچە

كانىيىنىڭ يىرتىلغىنىچە ۋارقىرايسەن؟ — دېدى ئۇ.

— نېمە؟ — سوخاركو چىدىيالمىدى، — سەن ھا-رامزادە گەپ ياندۇرۇۋاتىسىنا تېخى؟ — دېگەن پېتى پا-ۋېلنىڭ سازاڭ سالغان قۇتىسىنى بىر تېپىپ ئۇچۇرۇ-ۋەتتى.

پاۋېل چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. لېكىن ئۇ ئاچچى-قىنى بېسىپ دەرھال قول سالمىدى.

سوخاركو ئۆزىچە پاۋېلنى مەندىن قورقىدۇ دەپ ئويلاپ، ئاۋۋال قول سالدى.

پاۋېل مەيدىسىگە بىر مۇشت تەگكەندىن كېيىن چىداپ تۇرالمىدى.

— سەن راستىلا ئېلىشماقچىمۇ؟ ئۇنداق بولسا مې-نىڭدىن كۆرمە! - دېدى پاۋېل.

گەپنىڭ ئايىغى چۈشمەستىنلا پاۋېل ئۇنىڭ يۈزىگە توغرىلاپ بىر مۇشت ئاتتى، ئاندىن ئۇنى سوغا سۆرەپ چۈشتى - دە، ئارقىدىن بىرلا سەكرەپ قىرغاققا چىقى-ۋالدى. ئاچچىقىدا خۇدىنى يوقاتقان سوخاركو پاۋېلنى تىتىۋەتكۇدەك ئەلپازدا ئۇنىڭ كەينىدىن ئېتىلدى.

پاۋېل ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى، شۇئان ئۇ-نىڭ كاللىسىغا: «سول پۇت پۇتۇن گەۋدىنى تىرەپ تۇ-رىدۇ، ئوڭ پۇت سەل - پەل ئېگىلىدۇ، پۇتۇن گەۋدىسىكى كۈچ بىلەن، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ رەقىبىنىڭ ئېگىكى

بىر ياش توساتتىن ۋارقىرىدى، — ئىسمىرالدا! ئۇ مەيدانغا كەپتۇ!

بۇ سۆز ھەيران قالغۇدەك ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. زالدىكى بارلىق تاماشىبىنلار سىرتقا قاراپ ئېتىلدى.

مەيداندىن خۇشاللىق چۇقان ـ سادالىرى ئاڭلاندى. گائىنگوئا بېشى چۈشكەن ھالدا، ھەممىدىن كېيىن زالدىن چىقتى، ئۇ خۇددى جەڭدە يېڭىلگەن سەردارغا ئوخشايتتى.

گائىنگوئا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ غودۇڭشىدى:

— مەن بىر شائىر تۇرۇپ ھېچنېمىگە ئەرزىمىدىم! بۇنىسى راست، مۇبادا مەن كىشىلەر دەۋاتقان ئىسمىرا- داننىڭ نېمىلىكىنى بىلسەم كاشكى، ئالۋاستىنىڭ تې- رەمنى شىلىۋېلىشىغىمۇ رازى ئىدىم. ئەقەللىيسى، بۇ زادى قانداق سۆز؟ مىسىرلىقلارنىڭ سۆزىغۇ!

بىر تەشكىلات قۇردى. ئارتيوم ئۇنىڭ خىزمىتىنى قول-لاپ تۇردى. خىزمەت ئېھتىياجىنى دەپ، جوھراي ۋا-گونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەيدانىغا خىزمەتكە باردى.

بىر كۈنى گېتمان باشچىلىقىدىكى ساقچىلار قىسمى بىرنەچچە ئىشچىنى تۇتۇپ كەتتى. ۋاگون ئو-رۇنلاشتۇرۇش مەيدانىدىكى ئىشچىلار ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ۋوگزالدا تۇنجى قېتىم ئىش تاشلىدى.

كېچىدە قولغا ئېلىش باشلاندى. ئارتيومنى تۇتۇپ كېتىشتى، جوھراي كەچتە قايتىپ كەلمىگەچكە قۇتۇ-لۇپ قالدى.

شەھەردىن 120 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا، پارتىزانلار ئەترىتى تۆمۈر يول لىنىيىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، بىر نەچچە كۆۋرۈكنى پارتلىتىۋەتتى. شۇ كۈنى كەچتە، گېرمانىيىنىڭ ھەربىي پويىزى كەلدى، ئۇلار پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا شوپۇرلار قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە قو-شۇنىنىڭ لېيتېنانتى بۇيرۇق قىلىپ:

«ئارتيوم، پولىنتوۋسكى، برۇززاك ئۈچىڭلار دەرھال پويىزنى ماڭدۇرىسىلەر. كىمكى قارشىلىق قىلىدىكەن، مۇشۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلىنىدۇ! بارامسىلەر ـ بارما-سىلەر؟» دېدى.

ئۈچ ئىشچى نائىلاج پويىزغا چىقىپ، پويىزنى ھەيدەپ

ماگدى. پويىزدا ئارتيوم، پولىنتوۋسكى، بىرۇززاك ئۇ-چەيلەن ئۆزلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇرغان نېمىس ئەس-كىرىنى جايلىۋېتىپ، پويىزنى دېگەن يېرىگە يەتكۈز-مەسلىك قارارىغا كەلدى.

ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، پويىزدىن سەكرەپ چۈشۈپ، قاراڭغۇ كېچىدە غايىب بولدى.

شەھەردىكى ئۈچ ئائىلە ئىنتايىن ئەندىشە ئىچىدە قالدى.

گېتمان باشچىلىقىدىكى ساقچىلار قىسمىنىڭ ئا-دەملىرى ئۇ ئۈچ ئائىلىنى بىر قۇر ئاختۇردى ھەم ئۇ-لارنى بىر مۇنچە سوراققا تارتتى. بۇ ئۈچ ئائىلىدىكىلەر ئۆز ئادەملىرىنىڭ بىرەر خەتەرلىك ئىش قىلغانلىقىنى خىرە ھېس قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇلار جوھراي ئېلىپ كەلگەن خەۋەردىن ئۆز ئادەملىرىنىڭ تېخى ھايات ئى-كەنلىكىنى، ئوبدان تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى.

جوھراي قورقۇپ كەتكەن مومايغا تەسەللى بەردى، شۇنداقلا قىيىنچىلىقتا قالغان پولىنتوۋسكى ئائىلى-سىگە ياردەم بەردى.

ئۇ ئۆچۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان چوڭ ئوتنىڭ پات ئارىدا ھەممە يەرگە تۇتىشىدىغانلىقىنى غۇۋا ھېس

قىلدى.


بىر كۈنى تونە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كۆل بويىغا كەلدى. ئۇ گرانىت تاشتىن قوپۇرۇلغان قىرغاقتا يېقىن چىملىقتا ياتاتتى. ئۇ بىردىنلا پەستىكى كۆلدىن سۇنىڭ شالاقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ، دەرەخ شاخلىرىنى قايرىپ پەسكە قارىدى.

ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن بىرمىلەن قىرغاق-تىن كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ ئۈزۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇ خۇددى دېڭىز پىلىدەك پۇشقۇرۇپ، غۇلاچ تاشلاپ ئۈزەتتى، سۇدا بىردەم يۇقىرى-تۆۋەن، ئوڭ-سولغا موللاق ئاتسا بىردەم سۇنىڭ تېگىگە شۇڭغۇيتتى، كې-يىن سۇ يۈزىدە قىمىرلىماستىن ئوڭدىسىغا ياتتى.

تونە خىجىل بولۇپ دەرەخ شاخلىرىنى قويۇۋەتتى-دە: «بۇنداق قىلىش بەك ئەدەپسىزلىك بولىدۇ...» دەپ ئويلاپ كىتابىنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئۇشتۇمتۇت بىر تال تاش تونەنىڭ كىتابىنىڭ ئۈستىگە سىيرىلىپ چۈشتى، ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆ-تۈرۈپ، ئالدىدا تۇرغان پاۋېلنى كۆردى. پاۋېل چىملىق بىلەن قارىغايلىق ئارىلىقىدىكى قورام تاش ئۈستىگە چىققاندا دىققەتسىزلىكتىن بىر تاشقا دەسسىۋالغان ۋە ئۇ تاش سىيرىلىپ چۈشۈپ تونەنى چۆچۈتۈۋەتكەنىدى.

پاۋېل بۇنداق ئۇچرىشىشتىن ھەيرانمۇ بولدى،



— ئاپلا، ئىشقا چىقىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قاپتۇ. گەپ بىلەن ئولتۇرۇۋېرىپ، ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. ھازىرلا بېرىپ ئوت ياقمىسام بولمايدۇ. خوش، ئەمدى شەھەرگە يۈگۈرۈپ بارمىسام بولمايدۇ، — دېدى.

— مېنىڭمۇ ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى، بىللە ماڭايلى، — دېدى تونىمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ پەلاشنى كىيىۋېتىپ.

— ياق، مەن يۈگۈرۈپ ماڭمىسام بولمايدۇ، سىز ماڭا يېتىشەلمەيسىز.

— نېمىشقا يېتىشەلمىگۇدەكمەن؟ ئىككىمىز بەسلىشىپ باقايلى، قايسىمىز تېز يۈگۈرەيدىكەنمىزكىن؟

پاۋېل ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارىدى:

— بەسلىشەيلى دېدىڭىزمۇ؟ ماڭا يېتىشەلمەسىز؟

— ئەلۋەتتە، قېنى يۈگۈرگەندە بىلىمىزغۇ تېخى. پاۋېل قورام تاشتىن سەكرەپ ئۆتۈپ، قولىنى سۇنۇپ تونىنىمۇ ئۆتكۈزۈپ قويدى. ئۇلار بىللە ئورمان ئىچىدىكى پويىز ئىستانسىسىغا بارىدىغان كەڭ ھەم تۈز يولغا چىقتى.

تونە يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ۋارقىرىدى:

— قېنى تەييارلىنىڭ! بىر، ئىككى، ئۈچ! ئەمدى مېنى قوغلاڭ! ئۇ خۇددى قۇيۇندەك يۈگۈرەتتى، يۈگۈرگەندە ئۇنىڭ ئۆتىكىنىڭ پاشنىسى ئوت ئۇچقۇنىدەك

پار ـ پار پارقىرايتتى، ھاۋارەڭ پىلاشى شامالدا لەپىلـ.
دەيتتى.

پاۋېل ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

ئىككىيلەن بولۇشىچە يۈگۈردى. پاۋېل پويىز ئىسـ.
تانسىسىغا بارغاندىلا ئاندىن تونەنى قوغلاپ يېتەلىدى ئۇ
ئېتىلىپ بېرىپ تونەنىڭ مۈرىسىدىن قوش قوللاپ
مەھكەم تۇتتۇۋالدى.

ــ ھە، ئاخىر قولغا چۈشتىڭىزمۇ قۇرغۇيۇم!ــ دەپ
خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ.

ــ قويۇۋېتىڭ، ئاغرىتىۋەتتىڭىز....، ــ دېدى تونە
ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىشكە تىرىشىپ. ئىككىيـ.
لەن توختاشتى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھاسىرايتتى،
ھەر ئىككىلىسىنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقاتتى.

قاتتىق يۈگۈرۈپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن تونە
ئىختىيارسىز ھالدا پاۋېلغا ئاستا يۆلەندى؛ شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار تېخىمۇ يېقىنلىق ھېس قىلىشتى.

بۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇدەك ئارىلىقتا يۈز بەرگەن
ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئىككىيلەننىڭ قەلبىدە مەھكەم
ساقلىنىپ قالدى.

ــ ئىلگىرى ھېچكىم ماڭا يېتىشەلمىگەن، ــ دېدى
تونە پاۋېلنىڭ قولىدىن بوشىنىپ.

ئاندىن تونە ئۆيىگە قايتتى، پاۋېلمۇ ئۆز ئىشىغا
ماڭدى.

كەچتە پاۋېل خىيال دەرياسىغا چۆكتى، كۆندۈزدىكى ئەھۋالنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭغا لەززەت بېغىشلايتتى....

بىرخىل ئىختىيارسىز گۈزەل تۇيغۇ بۇ ياشنىڭ تۇرمۇشىغا ئاستا ئۇسۇپ كىرگەنىدى. بۇ خىل ھېسسىيات يېڭى ھەم جانلىق ئىدى.

پاۋېل بىلەن تونە دېيىشمەيدىغان گېپى يوق دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار دائىم بىللە كىتاب ئوقۇيتتى. سەيلە قىلاتتى. پاۋېلمۇ پاكىز ـ رەتلىك كىيىنىدىغان باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قالدى. بىر كۈنى پاۋېل كۆڭلىدىكى ئەڭ چوڭ سىرىنى — لېيتېنانتنىڭ تاپانچىسىنى قانداق ئوغرىلىغانلىقىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى، ئۇ يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ تاپانچىنى ئېتىپ ئويناشنى ۋەدىلەشتى.

— بۇ سىرنى باشقىلارغا ئېيتىپ قويما، — دېدى پاۋېل «سىز» دېمەي «سەن» دەۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي.

— ھېچكىمگە ئېيتمايمەن، — دېدى تونە ئىنتايىن كەسكىن ھالدا.

4

ئۇكرائىننى ئۇرۇش ئوتى قاپلىدى.

تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ئۇزۇنغا ـ كېسىل يوقالدى.

زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى ئىچىدە، شەھەر ئاھالىسى يەر ئاستى ئۆيلىرى ياكى ئۆزلىرى كولىۋالغان گەمىلەردە دۈگدىيىشىپ ئولتۇراتتى.

پىتلىيۇرا باندىتلىرى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا جايلاشقانىدى.

ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ، ئۇكرائىنا زېمىنىنى ئۇرۇش ئوتى ۋە ئىس ـ تۈتەك قاپلىدى.

تاشقى دنېپر دىۋىزىيىسىدىكى پولكوۋنىك گولۇف ئىككى مىڭدىن ئارتۇق كاللا كېسەردىن تەركىب تاپقان قوشۇننى باشلاپ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. بۇ كىچىك كىنە شەھەر باندىتلارنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار ئوت قويۇپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. كىچىك شەھەر پۈتۈنلەي بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىغا ئايلىنىپ قالدى.

قوشۇن شەھەرگە كىرگەن كۈنى ئاخشىمى شەھەردىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى يېڭى قوشۇن ئۈچۈن كاتتا كېچىلىك بەزمە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا شەھەرنىڭ «گۈللىرى» — پوپنىڭ قىزلىرى، مىشچان خېنىملار، بەزى ئايال ئوقۇتقۇچىلار قاتناشتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياسىنىۋالغانىدى.

راسا ئىچىپ تەڭشىلىۋالغان ئوفىتسېرلار ئىسسىق تىن ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن يەرلىك سەتەڭلەر بىلەن

ئەسەبىيلەرچە تانسا ئويناۋاتقاندا، تولۇق قوراللانغان يەنە بىر ئاتلىق قوشۇن بەزمە مەيدانىغا باستۇرۇپ كىردى. بۇ، پاۋلىيۇكنىڭ قوشۇنى ئىدى. ئۇ گولۇفتىن بۇ كىچىك شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تارتىۋالماقچى ئىدى.

پاۋلىيۇك ئون نەچچە ئەسكىرىنى باشلاپ بەزمە مەيدانىغا كىردى، ئۇ بۇنداق قىزىپ كەتكەن سورۇننى كۆرۈپ ئىچى ئېچىشماي قالاتتىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ جېدەل چىقاردى. بۇ ھال پولكوۋنىك گولۇپنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. شۇنداق قىلىپ ئىككى ئوتتۇردا مۇشتلىشىش باشلىنىپ كەتتى. ئاندىن بۇ ئۇرۇش تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، پاۋلىيۇك باشلاپ كەلگەن قوشۇن بىلەن گولۇپنىڭ ئىشغالىيەتچى قوشۇنى قوراللىق ئېتىشتى.

بىردەم ئېتىشقاندىن كېيىن، پاۋلىيۇك مەغلۇپ بولۇپ، نەچچە ئون ئادىمىدىن ئايرىلىپ، شەھەردىن قېچىپ چىقىپ كەتتى. گولۇپمۇ چوڭ زىيان تارتتى. بۇ قېتىمقى كىچىك جەڭدىن كېيىن، گولۇپنىڭ قوشۇنىدا، بولۇپمۇ مۇھاپىزەتچىلەر لېيەنىدە نارازىلىق پەيدا بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر لېيەنىدىكى چىقىم باشقا ئورۇنلاردىكىگە قارىغاندا زور ئىدى.

بۇنداق نارازىلىق كەيپىياتنى تۈگىتىش ۋە ئەسكەرلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، گولۇفنىڭ ئادىيۇتانتى

پولىيانىتسا ئۇنىڭغا ئەسكەرلەرنىڭ «ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش» تەكلىپىنى بەردى — بۇ نومۇسسىز ئەبلەخ مال - مۈلۈكنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى ھەمىشە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش دەپ ئاتايتتى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ كىچىك شەھەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ۋە ئۇلارنى قىرغىن قىلىش باشلاندى.

بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئەتىگەندىلا باشلىنىپ، پۈتكۈل شەھەرنى تۇتەك قاپلىدى.

پولىيانىتسا بىلەن گولۇپنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترەت باشلىقى سالومىكا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى باشلاپ يولغا چىقتى. ھەممە ئىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، يولغا چىقىدىغان چاغدا، پولىيانىتسا توساتتىنلا بىر ئىشنى ئەسلەپ ۋارقىرىدى:

— توختاڭلار، بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. ئىككى ھارۋا ئېلىۋېلىڭلار، پولكوۋنىك جانابلىرىغا ئاز - تولا نەرسە سوۋغا قىلىمىز. ھا، ھا، ھا! ئولجىنىڭ باش بۆرنى قوماندانىنىڭ. ساھىبجامال قىزلارنىڭ باش بۆرنى، ھا، ھا، ھا،... مېنىڭ. چۈشەندىڭلارمۇ؟ سالومىكا!

سالومىكا سارغۇچ كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ:

— ئاياللار ھەممىمىزگە يېتىدىغۇ، — دېدى.

ئۇلار «فوكس تۇرلۇك ماللار دۇكىنى» دېگەن ۋى- ۋىسكا ئېسىلغان ئىككى قەۋەتلىك دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي بۇرادەرلەر، ئاتتىن چۈشۈڭلار! ئويۇننى باش- لىۋېتىمىز، — دېدى پولىيانتسا كۆرەڭلىك بىلەن.

دۇكان ئىچىدە ئۈچلا ئادەم بارئىدى. كاتتا باي فوكس خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ تۇنۇگۇن كەچتە قېچىپ كەتكەن، خىزمەتچى قىز رىۋانى بولسا، ئۆيگە قاراشقا قالدۇرۇپ قويغانىدى. رىۋا 19 ياشلىق، ياۋاش، قورقۇنچاق قىز ئىدى. فوكس ئۇنى يالغۇز قورقامدىكىن دەپ، ئۇ- نىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ بۇ يەرگە ئەكىلىپ قويغانىدى.

بۇ ھىيلىگەر سودىگەر چىرايلىق سۆزلەر بىلەن بۇ ئاجىز قىزنى ئالدىغانىدى.

بۇلاڭچىلار ئىشىكتىن چېقىپ ـ كىرىپ، خۇددى ئوۋچى ماشىكىلاردەك تەرەپ ـ تەرەپنى ئاختۇرغىلى تۇردى. ئىككى ھارۋا تېزلا لىق تولدۇرۇلدى.

پولىيانتسا ئىچكىرىكى ئۆيگە ئۆزى يالغۇز كىردى. ئۇ ياۋا مۈشۈكنىڭكىدەك كۆكۈچ كۆزلىرى بىلەن ئۆي- دىكى ئۈچەيلەنگە سەپسېلىپ چىقىپ، ئىككى بىچارە قېرىغا ۋارقىرىدى.

— ئىككىڭ ئۆيدىن چىقىش!

— ئىككى قېرى ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ قويمىدى.

پولىيانىتسا ئاستا قىلىچىنى غىلىپىدىن چىقىرىپ يې-
قىنلاپ كەلدى.

«ئا – پا!» رىۋا ئىچىنىشلىق چىرقىرىۋەتتى.

ئاۋازنى ئاڭلاپ كىرىپ كەلگەن سالومىكا بىلەن
ئەسكەرلەر ئىككى قېرىنى تاشقىرىغا سۆرىدى. بوۋاي
بىلەن موماي جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق قىلىپ قات-
تىق ۋارقىرىدى:

— ۋاي، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار. سىلەر نېمە قىلماقچى؟

ئىككى قېرى بىرلىشىپ سالومىكانى نېرى ئىت-
تىرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، تا-
پانچىسىنى چىقاردى – دە، تاپانچىسىنىڭ پايىنكى بىلەن
بوۋاينىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇردى.

بوۋاي ئۈن – تىنسىز يىقىلدى. بۇ چاغدا ئۆيدىكى
رىۋا داد – پەرياد ئوقۇپ چىرقىراۋاتاتتى.

ئۇلار خۇدىنى يوقاتقان مومايىنى سۆرىگەن پېتى
كوچىغا چىقىرىۋەتتى.

ئىچىنىشلىق نالىلەر ۋە ئازابلىق چىقىراشلار كېچە
ئاسمىنىدا ياڭرىماقتا ئىدى.

ئۆيدىكى داد – پەرياد بىردىنلا توختاپ، پولىيانىتسا
ئۆيدىن چىقتى، ئۇنىڭ تەرى تۇرۇلگەنىدى، شۇڭا سالو-
مىكاغا قاراپمۇ قويمىدى.

بۇ چاغدا سالومىكا ئۆيگە كىرمەكچى بولۇپ

ئىشكىنىڭ تۇتقۇچىغا قول ئۇزىتىۋاتاتتى.

— بولدى كىرمەيلا قوي، ئۇ تۇگەشتى، ياستۇقنى ئۇنىڭ بېشى ئۇستىدىن چىڭ بېسىپ ساپتىمەن، — دېيلا، سالومىكانى، توسۇپ قويۇپ، بوۋاينىڭ جەسىتىنى ئاتلاپ ئۆتۇپ، ئۇيۇپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن قانغا دەسسىۋالدى.

— ئىشىمىز باشتىلا ئوڭۇشلۇق بولمىدى! — دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان هالدا كوچىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ. باشقىلارمۇ ئۇن - تىنسىز ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

ئۆينىڭ ئىچىدىكى پوللاردا ۋە پەلەمپەينىڭ باسقۇچلىرىدا ئۇلارنىڭ قانلىق ئىزى قالدى.

پۇتۇن شەھەردە قالايمىقانچىلىق هۆكۈم سۈردى، بۇلاڭ - تالاڭ ئۇزاققىچە داۋام قىلىپ، ئىتلارنىڭ هاۋشىشلىرى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇردى.

ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئىككى كېچە - ئۇچ كۇندۇز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىن مەڭگۇ كۆتۇرۇلمەيدۇ.

سانسىزلىغان كىشىلەر جېنىدىن جۇدا بولدى، سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ كۆز ياشلىرى دەريا بولۇپ ئاقتى. بەزىلەر ئېيتىپ تۇگەتكۇسىز ئاهانەت ۋە خورلۇق، تەسۋىرلەپ بەرگۇسىز دەرد - ئەلەم ۋە يېقىن كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ ساق قالغان

بولىسىمۇ، ئۇلارنى ئۆلگەنلەردىن بەختلىك دەپ كېتىشكە بولمايتتى.

## 5

قىزىل ئارمىيە بارغانسېرى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى كونترول قىلدى. ئەسكىرىي كۆچنى تولۇقلاش ئۈچۈن، شەھەردىكى ئەكسىيەتچى قوشۇننىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالدىنقى سەپكە يۆتكەلدى. ئالاقىزادە بولۇپ كەتكەن كىشىلەر ئاخىرى بىر ئاز ئارام تېپىپ قالدى. لېكىن شەھەردىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىن زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازى غۇۋا ئاڭلىنىپ تۇراتتى: ئۇ يەردە ئېچىنىشلىق جەڭ بولۇۋاتاتتى.

بىر قاراڭغۇ كېچىدە، جوھراي ئاقلارنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، پاۋېلنىڭكىگە كەلدى.

جوھراينىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ۋە ئىككىسىنىڭ سەككىز كۈن بىللە تۇرۇشى پاۋېلغا ئالاھىدە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم بۇ ماترۇستىن شۇنچە يېڭى، شۇنچە كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىدى. بۇ كۈنلەر بۇ ياش پار قازان ئىشچىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

جوھراي ئۇنىڭغا دۇنيادىكى ھەقىقەتنى، كونا جەمـ ئىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىجابىي يولغا مېڭىشنى سۆزلەپ بەردى. پاۋېل بولشېۋىكلار پارتىيىسىلا پۇقراـ لارنىڭ نىجات يۇلتۇزى ئىكەنلىكىنى ئەستە تۇتۇشقا ۋە چۈشىنىشكە باشلىدى. پاۋېل مۇشۇ بىرنەچچە كۈندە بىردىنلا نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشىنىپ يەتتى، ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى، فروسەنىڭ تارتقان ئازابىنى، ئېزىلىۋاتقان ئىشچىلارنى ئويلاپ، قەلبىگە ئوت تۇتاشتى. ئۇ ئىجابىي يولدا ماڭماقچى بولدى.

پاۋېلنىڭ يېقىن دوستلىرى سېريوژا، كىلىمكا پات ـ پات ئۇنى ئىزدەپ كېلەتتى، جوھراي ئۇلارنى توـ نۇيتتى. بۇ ئۈچ ياش ئاغىنە جەم بولغاندا جوھراي ئۇلارغا بولشېۋىكلار ۋە لېنىن توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ۋەزىيەتنى تونۇۋېلىشىغا ياردەم بەردى.

بىر كۈنى ئاخشىمى جوھراي چىقىپ كەتكەن پېتى قايتىپ كەلمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، پاۋېل ئويغىنىپ قارىسا كارىۋات بوش تۇراتتى. ئۇ بىرەر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى كۆڭلى تۇيغاندەك دەرھال كىيىمىنى كىيىپ، ئىككى دوستىـ نىڭكىگە بېرىپ ئۇقۇشۇپ، جوھراينىڭ ھېچ خەۋىرىنى ئالالمىدى.

ئۇ قايتاشىدا ئۆزىگە تونۇش بولغان ئورمان بېكە-
نىڭ بېغىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قەدىمىنى ئاستىلات-
تى. ئۇ ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان بىر ئۈمىد بىلەن ھېلە-
قى ئۆيگە، باغقا قارىدى ـ دە، غېرىبسىنغاندەك كۆڭلى
يېرىم بولدى. ئەسلىدە پاۋېل تونە بىلەن ئاچچىقلىشىپ
قالغانىدى.

بۇ ئىش بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇن يۈز بەرگەنىدى.
تونەنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى بىر يەرگە كېتىپ، ئۆيدە
تونە ئۆزى يالغۇز قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پاۋېلنى
ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى: پاۋېل بىر ئاخشامنى تونە بىلەن
بىللە خۇشال ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئىنتايىن
خۇش بولدى. گۇگۇم چۈشكەندە پاۋېل تونەنىڭكىگە بار-
دى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭكىدە ئۈچ مېھمان — لىزا
سۇخاركو، ۋىكتور لىشچىنسكى ۋە پاۋېل كۆرۈپ باق-
مىغان بىر يىگىت تۇراتتى.

پاۋېل ئۆيگە كىرىپ ئۇلارنى كۆرۈپلا بىرنەچچە
سېكۇنت ئۈنچىقماي تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئۆچمەنلىك بىـ-
لەن ۋىكتورغا تىكىلدى. تونە پاۋېلغا مېھمانلارنى تو-
نۇشتۇراي دەپ تۇرۇشىغا، پاۋېل ئىتتىك كەينىگە بۇرۇ-
لۇپ ئۆيدىن چىقىپ، چوڭ ـ چوڭ چامداپلا دەرۋازىغا قا-
راپ ماڭدى.

تونە يۈگۈرۈپ يېتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن

تۇتۇپ:

— نېمىشقا چىقىپ كېتىسەن، مەن ئاللايىتەن ئۇ-لارنى سەن بىلەن تونۇشتۇراي دېۋىدىم، — دېدى ھاياجان بىلەن.

پاۋېل ئۇنىڭ قولىنى مۇرىسىدىن ئېلىۋېتىپ، كەسكىن ھالدا:

— مېنى بۇنداق ئەبلەخلەرنىڭ ئالدىدا كۆرگەزمە قىلمايلا قوي! مەن ئۇلار بىلەن چىقىشالمايمەن، سەن ئۇلارنى ياقتۇرغىنىڭ بىلەن، لېكىن مەن ئۇلارغا ئۆچ. سېنىڭ ئۇلار بىلەن دوست ئىكەنلىكىڭنى بىلمەپتىمەن، بىلگەن بولسام، ھەرگىز كەلمەيتتىم، — دېدى.

تونە ئاچچىقىنى بېسىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— ماڭا نېمىگە بۇنداق گەپ قىلىسەن؟ مەن سې-نىڭ كىملەر بىلەن دوست بولۇشۇڭنى، سېنىڭكىگە كىملەرنىڭ كېلىپ-كېتىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقمىدىمغۇ!

— بوپتۇ، ئۇلار كەلسە كېلىۋەرسۇن، مەن ئەمدى سېنىڭكىگە كەلمەيمەن، — دېدى-دە، ئاچچىقى بىلەن چىقىپ كەتتى پاۋېل.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئىككىسى كۆرۈشۈپ باقمىدى.

بۈگۈن پاۋېل ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يەنە تونەنى ئەسلەپ قالدى. ئەمدى جوھراي

تەرەپتىكى كىچىك بىر كوچىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى.

«ئۇنىڭ چوقۇم بارىدىغان ئۆيى بار، — گائىنگوئا خىيال سۈرگەچ ئۇنىڭغا ئەگەشتى، — ئۇنىڭ ئۇستىكە سىگانلار ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل خەق. بەلكىم ئۇ مىنى ئىسسىق بىرەر جايغا باشلاپ بېرىشى مۇمكىن.»

بىر بوۋاي يوپيورۇق بىر مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. گائىنگوئا ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، مېھمانخانىنىڭ ئىچىدىن خۇشال - خۇرام ئولتۇرغانلارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى بىلەن ناخشىسى ئاڭلاندى. ئىشىك يېپىلىشى بىلەن كوچا قاراڭغۇ، تىپتىنچ بولۇپ قالدى. پەقەت گائىنگوئانىڭ تېز - تېز ماڭغاندىكى ئاياغ تىۋىشىلا ئاڭلىناتتى. ئىسمىرادا كەي-نىگە قارىمىدى، گائىنگوئا ئاستا - ئاستا مېڭىپ، ئۇ-نىڭغا كەينىدىن ئۆزىنىڭ ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدۈرمىدى.

كېچىنى بارغانسېرى قاراڭغۇلۇق باستى. ئۇلار نۇرغۇن سوغۇق، قاپقاراڭغۇ رەستە - كوچىلاردىن ئۆتتى. ئىسمىرادا ئوغلىقى دېكارنى ئەگەشتۇرۇپ، ئەگرى - تو-قاي تار كوچىلارنى ئايلانغاچقا، گائىنگوئا تېزلا يۆنى-لىشتىن ئادىشىپ قالدى.

كېيىن، ئىسمىرادا بىر دۇكاننىڭ يوپيورۇق دېرى-زىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، دۇكان ئىچىدە تاڭ

سەھەردە سېتىلىدىغان بولكا پىشۇرۇلۇۋاتاتتى. ئىسمىرادا گائىنگوئانىڭ ئاياغ تىۋشىنى ئاڭلاپ، كىملىكىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، ھېچنېمە دېمەي ئۇنىڭغا قاراپ كۇلۇمسىرىۋىدى، چىرايلىق يۈزىدىن ئازراق ئىچ ئاغرىتىش ئىپادىلەندى. قىز بۇ ئادەمنىڭ بەكلا ئاجىزلىقىنى، ئۆزىگە زىيان يەتكۈزەلىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدى ـ دە، ئوغلىقى بىلەن بىرلىكتە يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

گائىنگوئا ناھايىتى ئوڭايسىزلاندى؛ ئۇ قىمىر قىلماي خېلى ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن يەنە ئاستا ئەگەشتى.

ئۇ مېڭىپ بىر ئايلانما دوقمۇشقا كەلگەندە، قورقۇنچلۇق ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلىدى. بۇ، ئىسمىرادانىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئۇچقاندەك چاپتى.

بۇ كوچىنىڭ ئۇ بېشىدا بىر جىنچىراغ يېنىقلىق ئىدى. پىلىلدىغان چىراغ نۇرىدا، گائىنگوئا ئىسمىرادانىڭ ئىككى ئەر كىشىنىڭ بىلەكلىرى ئارىسىدا جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بىرى باشتىن ـ ئاياغ قارا كىيىم كىيگەنىدى. ئۇلار ئىسمىرادانىڭ ۋارقىرىشىنى جېنىنىڭ بارىچە توساتتى، ھېلىقى بىچارە ئوغلاق بويىنىنى سوزۇپ مەرەيتتى.

— قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار! — گائىنگوئا ۋارقىردى، — ئادەم بارمۇ؟ قۇتقۇزۇڭلار! چارلىغۇچى ئەسەرلەر، قۇتقۇزۇڭلار!

دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك؟

پاۋېل يولىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي كېتىۋېتىپ، بىردىنلا يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بىرى ئالدىدا، بىرى كەينىدە ئىككى ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە، پاۋېل تۇرۇپلا قالدى: ئالدىدا مېڭىۋاتقىنى جوھراي، كەينىدىكىسى نەيزىسى چىقىرىقلىق مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان ئاقلارنىڭ ئەسكىرى ئىدى. پاۋېل جوھرايىنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندى.

ئۇلار يېقىنلاپ كەلدى.

پاۋېلنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

پاۋېل دەرھال ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. شەھەرگە بارىدىغان يولدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. پەقەت نېرىراقتا پىلاش كىيگەن بىر ئايال يالغۇز كېتىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە قەدەم ئارىلىق قالغاندا، جوھراي پاۋېلنى كۆردى ـ دە، شۇ زامات توختاپ، قويۇق قاشلىرى مىدىرلاپ كەتتى.

ھېلىقى ئەسكەر نەيزىسى بىلەن نوقۇپ:

— ماڭمامسەن، ماڭە! ھېلى بىكار مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن سالىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

پاۋېل ئۆلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى، بۇ جىددىي پەيتتە ئۇ ئەمدى باشقىنى ئويلاپ ئولتۇرمىدى.

ئۇ ئۇشتۇمتۇت ھېلىقى ئەسكەرگە ئېتىلىپ، ئۇنىڭ مىلتىقىنى تۇتۇۋېلىپ، جېنىنىڭ بارىچە، پەسكە قارد-تىپ باستى، مىلتىقتىن ئېتىلغان ئوق تاشقا تەگدى.

جوھراي ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىتتىك كەينىگە بۇ-رۇلۇپ، باندىت ئەسكەرگە ئېتىلىپ بېرىپ، بازغاندەك مۇشتى بىلەن ئۇنى قاتتىق ئۇردى. بىردەمدىلا ھېلىقى باندىت ھوشىنى يوقاتتى.

جوھراي پاۋېلنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئىككىسى ئۈچ-قاندەك قېچىپ كەتتى.

پاۋېل تۇتۇلۇپ قالدى.

ئەسلى ھېلىقى كۈنى پاۋېل جوھراينى قۇتقۇزۇۋات-قاندا، ھېلىقى ئەسكەر بىلەن ئېلىشقان ئەھۋالنى پاۋېل-نىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان پىلاش كىيگەن ئايال بايقاپ قالغان بولۇپ، ئۇ دەل لىزا ئىدى.

ئۇ ھېلىقى ئەسكەرگە ھۇجۇم قىلغان بالىنىڭ باشقا ئادەم ئەمەس، دەل ھېلىقى كۈنى تونە ئۇنىڭغا تو-نۇشتۇرغان پاۋېل ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرگەنىدى.

ئۇ بۇ ۋەقەنى ۋىكتورغا ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، پولشالىق ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بۇ بالا شەھەر مۇداپىئەسى قوماندانلىق شتابىنىڭ دەرۋازىسىغا

كىرىپ كەتتى. ئۆزىنى ئۆتمەي ئۇ بىرنەچچە ئەسكەرنى باشلاپ پاۋېلنىڭكىگە باردى.

شۇنداق قىلىپ پاۋېل تۇتۇلۇپ قالدى.

قاپقاراڭغۇ تۈرمە ئىچىدە، ئۇ سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ كارىۋاتتەك بىر نەرسىنى تېپىپ ئولتۇرۇۋالدى.

ئۇنىڭ تاياق دەستىدىن بەدەنلىرى قىيما-چىيما بولۇپ، قاتتىق ئاغرىيتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئېزىلگەنىدى.

راست، ئۇ ئۆزىنىڭ قولغا چۈشۈپ قېلىشىنى ۋە بۇنداق ئازاب چېكىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

— ئۇلار مېنى قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس بىر ئىشقۇ! مېنى ھېچكىم كۆرمىگەنتى-يا... ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ جوھراي نەدىدۇ؟ دەپ ئويلايتتى ئۇ.

شۇ كۈنى ئۇ جوھراي بىلەن كېلىمكالارنىڭكىدە ئايرىلىشتى، جوھراي قاراڭغۇ چۈشكەندە شەھەردىن چىقىپ كەتكەنىدى.

تاشقىرىدىن غۇۋا شەپە ئاڭلاندى.

پاۋېل تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ تەمتىلەشتۇرۇپ ئۆينى بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ كارىۋاتنىڭ ئۇدۇلىدا چىشلىق پۇختا تۆمۈر شادا ئورنىتىلغان دېرىزە بارلىقىنى بىلدى. ئۇنى سىلكىپ بېقىۋىدى،

مىدىر قىلمىدى. روشەنكى، بۇ يەر ئىلگىرى ئامبار ئىدى.

شۇ كېچىسى پاۋېل ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمدىلا قاتنىشىشىغا تۇتۇلۇپ قېلىپ، چاشقانغا ئوخشاش تۆمۈر قەپەس ئىـچىگە سولىنىپ قالغىنىغا ئىنتايىن ئېچىندى. پاۋېلـنىڭ يادىغا ئاپىسى كېلىپ:

— ھېلىمۇ ياخشى ئاپامنىڭ ئۆيدە يوق بولغىنى، بولمىسا ئۇ نە قەدەر ئازابلانغان بولاتتى ـ ھە! — دەپ ئويلىدى.

دېرىزىدىن چۈشكەن يورۇق يەر ئۈستىدە خىرە تۆت چاسا شەكىل ھاسىل قىلغانىدى. قاراڭغۇلۇق ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ، تاڭ يېقىنلاشماقتا ئىدى.

## 6

شەھەر مۇداپىئەسى قوماندانىنىڭ ئىشخانىسى.

— گولۇپ ئەۋەتكەن سېپنىڭ يوشۇرۇن زەربە بەرـگۈچى دىۋىزىيىسى يېقىندا يېتىپ كېلىدۇ، ـ دېدى سالومكا ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ قوماندانغا، — سىلەرنىڭ بۇ يەردە خېلى چوڭ ئاۋارىچىلىك يۈز بېرىدۇ، شۇڭا مەن بۇ يەرنى تەرتىپكە سالغىلى ئالدىن يېتىپ كەلدىم. باش ئاتامانىنىڭ ئۆزىمۇ كېلىشى مۇمكىن، يەنە بىر ئەجنەبىي

جانابمۇ بىللە كېلىدۇ.

ھەربىي پويىزلار پويىز ئىستانسىسىغا كەينى-كەينىدىن كەلگىلى تۇردى.

سېچىنىڭ يوشۇرۇن زەربە بەرگۈچى دىۋىزىيىسىدىكى ئەسكەرلەر ئۈپۈر-تۇپۇر بولۇپ پويىزدىن چۈشۈشمەكتە ئىدى. ئوفىتسېرلار ئۆياق-بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ، ئۆز قىسىملىرىنىڭ نومۇرلىرىنى توۋلاپ، ئەسكەرلەرنى پو-يىز ئىستانسىسى ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىلىشقا چاقى-رىشماقتا ئىدى.

تا كەچ كىرگۈچە، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكلۈك ھارۋى-لىرى ۋە ئارقا سەپ خادىملىرى ئاران رەتلىنىپ بولۇپ، يولغا چىقىشقا تەييارلاندى.

ئاخىرىدا قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىر لىمنى مېڭىپ، قالايمىقان ۋارقىرىشاتتى:

— بۇ نېمە چۇقان؟

— بۇ نېمە غوۋغا؟

— پېتلىيۇرا ئۆكرائىناغا كەپتۇ....

سېچىنىڭ تولۇق قوراللانغان يوشۇرۇن زەربە بەر-گۈچى دىۋىزىيىسى شەھەر مەركىزىدىكى مەيداندا، چاسا شەكلىدە قاتار تىزىلىپ، مەيداننى ئۈچ تەرەپتىن قور-شىۋالدى.

پېتلىيۇرا «ھۆكۈمىتى» نىڭ ئەڭ خىللانغان بۇ

دىۋىزىيىسىنىڭ بۇ قېتىم شىپتوڭى كېلىشى ئاساسەن بۇ تۆمۈر يول غول لىنىيىسىنى قوغداشنى مەقسەت قىلاتتى. ئەگەر پىتلىيۇرا بۇ يەرنى قولدىن بېرىپ قويسا، ھەممىدىن مەھرۇم بولاتتى. ھازىر ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلكىدە ئازراقلا يەر قالغانىدى.

ھازىر، شەھەردە ھەممە تەييارلىق پۈتۈپ، پەقەت ھەممىيلەن «باش ئاتامان» پىتلىيۇرانىڭ قىسىملارنى شەخسەن كۆزدىن كەچۈرۈشىنىلا كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

چېركاۋنىڭ پەلەمپىيىدە يۇقىرى تەبىقىنىڭ بىر توپ ۋەكىللىرى — ئوفىتسېرلار، پوپنىڭ ئىككى قىزى، بىر نەچچە ئۇكرائىنا ئوقۇتقۇچىسى، بىر توپ «ئەركىن» كازاك ئەسكەرلىرى ۋە سەل دوكراق كەلگەن شەھەر باشلىقى قاتارلىقلار تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇچە-سىغا ئۇزۇن چاپان كىيگەن پىيادە ئەسكەرلەر باش تەپ-تىشىمۇ بار بولۇپ، ئۇ ھەربىي كۆرەكنىڭ باش قوماند-دانى ئىدى.

پىيادە ئەسكەرلەر باش تەپتىشى چىرايلىق بۇرۇت قويۇۋالغان، بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن پولكوۋنىك چېر-نېكنى يېنىغا چاقىردى:

— بىرمركىشىنى ئېلىپ شەھەر مۇداپىئە قوماند-دانلىق شتابىنى ۋە ئارقا سەپ ئورگانلىرىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە پاكىز، رەتلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىنى

تەكشۈرۈپ چىقىلى، مۇبادا مەھبۇسلار بولسا، بىر قۇر سوراشتۇرۇپ، ئەرزىمەس نىمىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوغ-لاپ چىقىرىلى، — دەپ تاپىلىدى ئۇنىڭغا.

چېرنىيك ئۆتۈكىنىڭ ئۆكچىلىرىنى تاق قىلىپ جۈپلەپ، سالام بېرىپ، يېنىدىكى بىر كازاك ئاتلىق ئەسكەرلەر ستارشى لېيتېنانتىنى باشلاپ، ئاتقا مىنىپ چىقىپ كەتتى.

قاماقخانىدا ئۈچ ئادەم سولاقلىق ئىدى.

ئۇنىڭ بىرى بومبا ساقال بوۋاي بولۇپ، ئۇ لەم-پىسىگە باغلاقلىق ئات يوقاپ كەتكەنلىكتىن قامالغانى-دى، ئۇ ئات كازاكلارنىڭ ئىكەن ئىدى.

يەنە بىرى ياشىنىپ قالغان ئايال بولۇپ، ئۇ ئۆزى خۇسۇسىي ھاراقچىلىق قىلاتتى. ئۇنى سائەت ۋە باشقا قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئوغرىلىغان دەپ قاماشقا-نىدى.

يەنە بىرى پاۋېل كورچاگىن ئىدى. ئۇ شەپكىسىنى ياستۇق قىلىپ بەخىرامان ياتاتتى.

بۇ چاغدا سەھرالىق بىر قىزنى سولاقخانىغا ئېلىپ كىرىشتى. ئۇنىڭغا شىپتوپكانىڭ قوماندانىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، سەھرادىن شەھەرگە «سوراق» قىلىشقا ئېلىپ كېلىنگەنىدى.

ئۇ سىرتتا ئاڭلىغانلىرىنى قاماقخانىدىكىلەرگە

سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھەربىي قىسىم شە-
ھەرگە كىرىدىكەن.

بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى، قاماقخانىنى ئاستا ـ ئاستا
قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان قور-
قۇنچلۇق كېچە ئۇلارغا يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى، ئە-
تىنىڭ قانداق بولۇشىنى بولسا، بىلىپ بولمايتتى.

بۇ پاۋېل قاماققا ئېلىنغان يەتتىنچى كېچە ئىدى،
بۇ كۈنلەر ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىرنەچچە ئاي
ئۆتۈپ كەتكەندەك ئۇزۇن بىلىندى.

تۇنۇگۈن پاۋېل دېرىزىدىن سېرىيوژانى كۆرۈپ قال-
دى. ئۇ كوچىدا ئۇزۇن تۇرۇپ، بۇ سولاقخانىغا غەمكىن
نەزەر تاشلايتتى. دېمەك، ئۇ يېقىن دوستىنىڭ قولغا
چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگەنىدى.

بىرنەچچە كۈندىن بېرى، قوماندان ئۇنى جىددىي
سوراق قىلدى. بىراق پاۋېل ھېچنېمىنى ئىقرار قىل-
مىدى. ھەممىسىنى ئىنكار قىلدى! نېمە ئۈچۈن بۇنداق
چىڭ تۇرغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

توغرا، ئۇ ئۆزى ئوقۇغان «جوزېف جارىپورت» دېگەن
كىتابتىكى كىشىلەردەك جاسارەتلىك ۋە چىدامـلىق
بولغۇسى كېلەتتى!

لېكىن تۇتۇلۇپ قالغان كېچىسى ئۆزىنى ئېلىپ
كېتىۋاتقان ئەسكەرلەردىن بىرسىنىڭ: «قوماندان، بۇنى

سۆرەپ يۈرىمىزمۇ؟ ئېتىپ تاشلىساقلا ئىش تۈگىمەمدۇ؟» دېگىنىنى ئاڭلاپ، ھەقىقەتەن قورقتى.

راست ئەمەسمۇ، بىر پاي ئوق بىلەنلا تۈگىشىدىغان گەپ! ئۇن ئالتە ياشتا ئۆلۈپ كېتىش، تولىمۇ قورقۇنچلۇققۇ! ئۆلۈم دېگەنلىك مەڭگۈ ياشىمასلىق دېگەندىلىك ئەمەسمۇ! پاۋېل ھەر كۈنى ناھايىتى تەستە ئۇخلايتتى.

يېڭى كەلگەن سەھرالىق قىز خرىستىنامۇ ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى. قوماندانىنىڭ مۇنۇ گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىدىن زادىلا كەتمەيتتى:

«مەن سەن بىلەن ئەتە سۆزلىشىمەن! ئەگەر يەنە گېپىمگە كىرمىسەڭ، سېنى مۇھاپىزەتچىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن، ئۇ كازاكلار سېنى جان دەپ قوبۇل قىلىدۇ. قېنى ئۆزۈڭ دەڭسەپ كۆر!»

ئۇ بۇلارنى ئويلاپ، ھەقىقەتەن ئازابلاندى.

ئازابلىق دەرد ــ ئەلەم ئۇنىڭ كېكىردىكىدىن بوغدى، مۇدھىش ئۈمىدسىزلىك ۋە قورقۇنچ يۈرىكىنى مىجىدى.

ئۇ ئىختىيارسىز ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

بۇ ئېغىر دەرت ــ ئەلەم ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى.

ــــ نېمە بولدۇڭ؟ ــــ بۇلۇڭدىكى كۆلەڭگە مىدىرلىدى.

خرىستىنا ئۆزىنىڭ دەرت ـ ئەلىمىنى قېشىدىكى بۇ بالىغا تۆكتى. پاۋېل ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇنداق ئەھۋالدا نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ئۇنى ئۈنسىزلا بەزلىدى. لېكىن بۇنىڭ نېمە كېرىكى؟

ئەتىسى، خرىستىنانى ئېلىپ كېتىشتى. سولاقخا-نىنىڭ ئىشىكى گۈپ قىلىپ يېپىلىشى بىلەن پاۋېل-نىڭ يۈرىكى قاتتىق سىلكىندى، ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ، دىلىنى تېخىمۇ قاراڭغۇلۇق باستى....

كەچقۇرۇنلۇقى يەنە بىر يېڭى مەھبۇس ئېلىپ كېلىندى، پاۋېل ئۇنى تونۇدى: بۇ قەنت زاۋۇتىنىڭ يا-غاچچىسى بولشېۋىك دولىنىك ئىدى.

يەنە بىر كۈن ئۆتتى. سولاقخانىغا يەنە يېڭى بىر مەھبۇسنى ئېلىپ كېلىشتى. ئۇ شەھەر بويىچە داڭلىق ساتىراش شىليوما زىلبىتسىر ئىدى. ئۇ يەھۇدىيلار توغ-رىسىدىكى ئىشلارنى كۆپرەك سوراپ قويغانلىقى ئۈچۈن، قۇتراتقۇلۇق قىلدى دەپ قولغا ئېلىنغانىدى.

شۇ كۈنى، باش ئاتامان شەھەرگە كېلىپ، كاتتا ھەربىي كۆرەك ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. سولاقخانىدىكىلەر ئوي-لىمىغان ئىشلارنىڭ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

پولكوۋنىك چېرنېك ھېلىقى كازاك ئەسكەر بىلەن بىللە ئات چاپتۇرۇپ شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شتا-

بىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپلا چوڭ قەدەم تاشلاپ قاراۋۇلخانىغا كىردى.

قاراۋۇلخانا بىر قېتىممۇ تازىلىنىپ باقمىغاندەك ئىنتايىن پاسكىنا بولۇپ، ئورۇن ـ كۆرپىلەر ئوڭتەي ـ توڭتەي تاشلىنىپ ياتاتتى، ئەسكەرلەر باشلىق كەلسىمۇ قىلچە پەرۋا قىلماي سوزۇلۇپ يېتىشاتتى.

— سەنلەرنىڭ بۇ يەر نېمە بولۇپ كەتكەن؟ خۇددى چوشقا ئېغىلىغا ئوخشايدىغۇ!

— دەرھال ئورنۇڭدىن تۇرۇش، مەن پولكوۋنىك چېرنىك! ئاڭلاشتىڭمۇ؟ چوشقىلار!

— پاسكىنىچىلىقلار دەرھال تازىلانسۇن! كارىۋاتلار رەتلەنسۇن! غەزەپكە تولغان چېرنىك بولۇشىچە ۋارقىرايتتى.

ئۇنىڭ كەينىدىكى كازاك لېيتېنانتمۇ ئەسكەرلەرگە ئاگاھلاندۇرۇپ:

— باش ئاتامان پارات قوبۇل قىلىۋاتىدۇ، ئۇ بۇ يەرگىمۇ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. چاققان ئورنىڭلاردىن تۇرۇپ، بۇ يەرنى دەرھال سەرەمجانلاشتۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەسكەرلەر ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى بىلىپ، پاپىپېتەك بولۇپ كېتىشتى.

— مەھبۇسلارنىمۇ كۆرۈپ باقايلى، — دەپ ئەسكەرتتى

كازاك لېيتېنانت، — كىم بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قانداق ئا-دەملەرنى قامىغانلىقىنى؟ باش ئاتامان كۆرۈپ قالسا، راستتىنلا ئىش چاتاق بولىدۇ!

— ئاچقۇچ كىمدە؟ — ئەسكەردىن سورىدى چېر-نىك، — ئىشىكنى ئېچىڭلار!

بىر ئەسكەر ھولۇقۇپ ئالمان-تالمان قولۇپنى ئاچتى. لېيتېنانت ئىشىكنى بىر تېپىپ ئاچتى.

چېرنىك مەھبۇسلارنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپ چىقتى.

— سەن نېمە ئۈچۈن قامالدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بوۋايغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

بوۋاي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئۇلار مېنى تۇتۇپ ئەكىلىپ مەشەگە سولاپ قويدى — دېدى ئۇ، — بىرئات يىتتۈپ كەتكەنگە مەن ئەيىبلىك ئەمەستە!

— كۆدە-كۆرپەڭنى يىغىشتۇرۇپ، دەرھال يو-قال! — دەپ ۋارقىرىدى چېرنىك غەزەپ بىلەن.

— سەن نېمە ئۈچۈن قامالدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەمدى ھاراقچى مومايغا بۇرۇلۇپ قاراپ.

—جانابلىرى، ماڭا ئۇۋال بولدى. ئۇلار تېخى مې-نىڭ ھارىقىمنى بىكارغا ئىچىۋېلىپ، ئۆزۈمنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ قاماپ قويدى! — دەپ جاۋىلىدى موماي.

ئىككىنچى ئايال ھەم قارا، ھەم قېرى ئىدى. ئۇ گائىنگۇئانىڭ ئەتراپىنى بىرھازا ئايلاندى.

— ئۇ بەك ئورۇقكەن، — بۇ ئايالمۇ كېتىپ قالدى.

ئۈچىنچى ئايال بەكلا ياش، يۈز - كۆزى خېلىلا چىرايلىق ئىدى.

— مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ! — دېدى بىچارە گائىنگۇئا ئاستا يېلىنىپ. ئايال ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى، ئاندىن يەنە يەرگە قارىدى. ئۇ ئىككىلىنىۋاتاتتى، گائىنگۇئا بۇ ئايالنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلماقتا ئىدى؛ بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى ئىدى.

— بولدىلا، ھېنرى مېنى دۈمبالايدۇ، — دەپلا ئۇ ئايالمۇ كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

— شۇنداق قىلىپ بۇ شائىرنى كېرەك قىلىدىغان ئادەم چىقمىدىما؟ — سورىدى پادىشاھ، — ئەمدى باش... باش...، — ئۇ دار تەرەپكە بۇرۇلۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىنىمۇ چىقىراي دەۋاتاتتى، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سىڭگان قىزى ئىسمىرادا قايتىپ كەلدى.

— ئىسمىرادا! ئىسمىرادا! — ئادەملەر توۋلىشىپ كەتتى.

ئۇنىڭ تۇرقى ۋە گۈزەل ھۆسن - جامالى ئۆينى پۈتۈنلەي يورۇتىۋەتتى. ئۇنىڭ كىيىشى بىلەن ۋەھشىي، شەپقەتسىز ئوغرى - يانچۇقچىلارنىڭ قەبىھ چىرايلىرىمۇ

مۇلايىملىشىپ قالدى. ئوغلاق دىكارى قىزغا ئەگىشىۋالغانىدى.

ئىسمىرادا گائىنگۇئانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بىرھازا سەپسېلىپ قارىدى.

— سىز بۇ كىشىنى ئاسماقچىمۇ؟ — ئۇ پادىشاھتىن ئاستا سورىدى.

— شۇنداق، سىڭلىم، — دېدى ئۇ، — سەن ئەگەر ئۇنى ئۆزۈڭگە ئەر قىلمۇېلىشنى خالىمىساڭ.


— ئۇ ماڭا كېرەك، — دېدى قىزچاق.

گائىنگۇئا ئۆزىنىڭ ئەتىگەندىن بۇيان قاباھەتلىك چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئىشەنمەكتە ئىدى. ئۇلار ئارغامچىنى يېشىپ، ئۇنى ئورۇندۇقتىن يۆلەپ چۈشۈردى. پادىشاھ گەپ - سۆز قىلمايلا ئۈستەلدىن بىر ئىستاكاننى ئېلىپ ئىسمىراداغا بەردى. قىز ئىستاكاننى گائىنگۇئاغا تۇتقۇزدى.

— ئۇنى يەرگە تاشلا، — دېدى قىز.

ئىستاكان يەرگە چۈشۈپ تۆت پارچە بولۇپ سۇندى.

— ئۇكام، — دېدى پادىشاھ ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئۇ سېنىڭ خوتۇنۇڭ. سىڭلىم، ئۇ سېنىڭ ئېرىڭ، مۇددىتى تۆت يىل، سىلەر ئەمدى كېتىڭلار!



بەدەر تىكىشۋەتتى.

ئاخىرىدا پاۋېللا قالدى. ئۇ ئەمدى نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىر ئاز چۈشىنىپ قالغانىدى. بۇ چاغدا پولكوۋنىك ساتىراشتىن سوراۋاتاتتى:

— سەن نېمە ئۈچۈن قامالدىڭ؟

چىرايى تاتىرىپ، ھودۇقۇپ كەتكەن ساتىراش ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— مېنى قۇتراتقۇلۇق قىلدىڭ دېيىشىۋاتىدۇ. بىراق مەن قانداق قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقىمنى زادىلا بىلمەيمەن!

چېرنىيك شۇ زامان سەزگۈرلەشتى. ئۇ لېيتنانتقا قاراپ:

— بۇ ئەبلەخنى تېخىمۇ بىخەتەر يەرگە قاماپ قويۇپ، ئۇنىڭ قانداق قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقىنى ئوبدان سوراپ بېقىش كېرەك، — دەپ تاپىلىدى.

— خوش، سەن نېمە ئۈچۈن قامالدىڭ؟ — دەپ سورىدى چېرنىيك پاۋېلدىن:

— مەن كازاك ئەسكەرلىرىنىڭ كونا ئېگىرىدىن بىر پارچە چەملىك كېسىۋالغانىدىم. شۇڭا ئۇلار مېنى مۇشۇ يەرگە سولاپ قويدى، — دەپ جاۋاب بەردى پاۋېل.

پولكوۋنىك پاۋېلغا تولىمۇ ئېتىبارسىزلىق بىلەن قاراپ قويۇپ:

— مالڭ ئۆيۈڭگە كەت! داداڭغا ئېيت، بۇنىڭدىن كېيىن سېنى قاتتىق تۇتسۇن! مالڭ، تېز كەت! — دېدى.

بۇ ئامەتكە ئېشەنمىگەندەك قىلغان پاۋېل دولىنىكنىڭ قېپقالغان پەلتوسىنى سۆرىگەن پېتى ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى.

چېرنېك بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاديۇتانت بىلەن بىللە پارات ئاياغلىشىپ قالاي دېگەن مەيدانغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

پاۋېل ئاخىرى قۇتۇلۇپ چىقتى. ئۇ ئۆيىگە قايتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي، ئۇدۇل ئالدىغا قاراپ توختىماي يۈگۈرۈپ، كۆكتاتلىقلاردىن ۋە ئارقا ھويلىلاردىن ئۆتۈپ، بىر قاشا تامغا بېرىپ تاقال-غاندىلا توختىدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ بېقىپ، ھەيران بو-لۇپ تۇرۇپلا قالدى: بۇ ئېگىز قاشا تامنىڭ ئارقىسى تونەلەرنىڭ ئۆيى ئىدى.

توۋا، ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۇنى قانداقلارچە بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەندۇ؟ ئۇ بۇ يەرگە كېلىشنى ئويلىغانمىدى؟ ياق، ئەمىسە نېمىشقا باشقا يەرگە بارماي، بۇ يەرگە كېلىپ قالدىكىنە؟

بۇ سوئالغا پاۋېل ئۆزىمۇ جاۋاب بېرەلمەيتتى.

ئۇ سەكرەپ باغقا كىرىپ، باغدىكى شىپاڭغا قاراپ ماڭدى.

ئۆي تەرەپتىن بىر ئىت يۈگۈرۈپ كېلىپ پاۋېلغا ئېتىلدى.

دەل شۇ چاغدا، پاۋېل «تىرىزور، ئارقاڭغا قايت!» دېگەن ناھايىتى تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىدى.

ئۇ ئىتنىڭ ئىسمى تىرىزور ئىدى.

تونە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىتنىڭ بوينىدىكى تاسمىدىن تۇتۇۋېلىپ:

— قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كىرىپ قالدىڭىز؟ — دېدى قاشا تام تۈۋىدە تۇرغان پاۋېلغا، — تاس قالدى ئىت چىشلىۋالغىلى سىزنى، ھېلىمۇ ياخشى مەن...

تونە بىردىن تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى — بۇ بالا پاۋېل كورچاگىنغا ئەجەب ئوخشايدىكىنا!

ئالدىدا تۇرغان بالا سەل مىدىرلاپ: — سەن... سىز مېنى تونۇمايۋاتامسىز؟ — دېدى پەس ئاۋازدا.

تونە ۋارقىرىۋەتتى ۋە پاۋېلغا قاراپ ئېتىلدى.

— پاۋلۇشكا، سەنمىدىڭ جېنىم، سېنى قويۇپ بېرىشتىمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى تونە ئۇنىڭ قوللىرىنى مەھكەم سىقىپ.

— سەنمۇ ئاڭلىغانمىدىڭ؟

— ھەممىنى ئاڭلىدىم، ماڭا لىزا دەپ بەرگەن.

لېكىن سەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟ سېنى قويۇپ بېرىشتىمۇ؟

پاۋېل هارغىن هالدا پەس ئاۋازدا چۈشەندۈردى:

— خاتالىشىپ قويۇۋېتىشكەنىدى، قېچىپ كەلدىم. بەلكىم شۇ تاپتا مېنى ئىزدەپ يۈرۈشىدىغاندۇ. بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قاپتىمەن.

تونە ئۇنىڭغا خېلى قاراپ قالدى. ئۇ هەيرانلىق ۋە خۇشاللىق، چەكسىز مۇهەببەت ۋە مېھرىبانلىق هېس-سىياتىغا چۆمدى.

ئۇ پاۋېلنى ئوبدان دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆيىگە باشلاپ باردى.

پاۋېل يۇيۇنۇپ، تاماق يەپ بولۇپ، تونە بىلەن بىللە ئۇنىڭ هۇجرىسىدا ئولتۇرغىنىدا، كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلارغا سەل ئىشەنگۈسى كەلمىدى. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ تېخى سولاقخانىدا ئىدى! ئەمدىلىكتە بولسا پاكىز كىيىملەرنى كىيىپ تونەنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپتۇ، بولۇپمۇ ئۇ هازىر ئەركىن بولدى.

هايات دېگەن ئەنە شۇنداق هاۋا رايىغا ئوخشاش ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن! بىردەم ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلىسا، بىردەم هاۋا ئېچىلىپ قۇياش كۈلۈپ تۇرىدىكەن.

— نېمىنى ئويلاۋاتىسەن، پاۋېل؟ — ئېڭىشىپ

مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى تونە.

پاۋېلغا ئۇنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرى گويا تېگى يوق دېڭىزغا ئوخشاش چەكسىز يېقىملىق سېزىلدى.

— مەن بۈگۈن بۇ يەردىن كېتىمەن، — دېدى پاۋېل ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قەتئىيلىك بىلەن.

— ياق، ياق، بۈگۈن سەن قانداقلا بولمىسۇن ھېچ يەرگە كەتمەيسەن! سېنى ھېچ يەرگە بارغىلى قويمايمەن! — دېدى تونە.

تونە ئىنچىكە يۇمران بارماقلىرىنى پاۋېلنىڭ پاخپىيىپ كەتكەن يىرىك بۇدۇر چاچلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ، چەكسىز مېھرىبانلىق بىلەن ئاستا تاراشقا باشلىدى....

— تونە، — دېدى پاۋېل، — ماڭا بىر ياردەم قىلىپ، ۋاگونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەيدانىدىكى ئاتيومنى تېپىپ بەر، ئاندىن سېرىيوژاغا بىر خەت ئاپىرىپ بەرگىن. مۇشۇ ئىشلارنى قىلالارسەنمۇ؟

تونە دەرھال ئورنىدىن تۇردى ۋە شۇ زامان چىقىپ كەتتى.

تونە ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلدى. ئۇ ھەممىنى بېجىرىپ بولغانىدى. ئارتيوممۇ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى ۋە ئىككى قولىنى كەڭ كېرىپ، پاۋېل بىلەن مەھكەم قۇچاقلاشتى.

ئۇچەيلەن ئاخىر بىرقارارغا كېلىشتى: پاۋېل ئەتە-سى ئەتىگەندە كېتىدىغان بولدى ۋە ئارتيوم ئۇنى سېر-يوژانىڭ دادىسى ھەيدەيدىغان، ئازاتىنىغا بارىدىغان پاراۋوزغا يوشۇرۇپ قويماقچى بولدى.

ئارتيوم قايتىپ كەتتى، ئۇ قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىشلەيدىغان بولغاچقا، كەتمىسە بول-مايتتى. پاۋېل بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى ئۇلارغا سۆز-لەپ بەردى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە سېريوژا بىلەن ۋالە كەلدى.

ئۇلار مېھرىبانلارچە خوشلاشتى. سېريوژا بىلەن ۋالە قاراڭغۇدا كۆزدىن غايىب بولدى.

پاۋېل بىلەن تونە ئۇچۇن ئازراقلا ۋاقىت قالغانىدى. ئىككى ئوتلۇق يۈرەك ياش ئايرىلىش ئالدىدا چىڭ قۇ-چاقلاشتى. ھەرئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە دېيىدىغان نۇرغۇن ـ نۇرغۇن سۆزلىرى بار ئىدى، قاراڭغۇدا ئۇلار گۈزەل ياشلىق تۇيغۇسىنى سېزەتتى.

تونەنىڭ تاتلىق ئەركىلەشلىرى ئۇنىڭغا چەكسىز لەززەت ۋە بەخت بېغىشلايتتى. جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە چوڭ بولغان پاۋېل دۇنيادا يەنە بۇنداق خۇشاللىقنىڭمۇ بارلىقىنى پەقەت بىلمەيتتى!

ھايات يولىدا تونۇشقان بۇ قىز ئۇنىڭ ئۇچۇن چوڭ بەخت ۋە ئامەت ئىدى!

پاۋېلغا بۇ چاغدا ھەممە نەرسە گۈزەل تۇيۇلدى!

ئەتىسى ئەتىگەندە پاۋېل بىلەن تونە ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ باردى. ئارتيوم ئۇلارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى.

پاۋېل ئالمان ـ تالمان تونە بىلەن خوشلىشىپ، پويىزغا چىقتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، كۆز ئالدىدا تولىمۇ تونۇش ئىككى كىشى — ئېگىز بەستلىك ئارتيوم بىلەن زىلۋا بويلۇق كىچىككىنە تونە تۇراتتى...

شەھەر شامىلى تونەنىڭ كۆڭلىكى ۋە چاچلىرىنى تىنماي يەلپۈتەتتى، ئۇ ھەدەپ قولىنى پۇلاڭلىتاتتى.

پاۋېل ھاياتنىڭ يېڭى سەپىرىگە قەدەم قويدى.

## 7

قىزىل ئارمىيە ئاخىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى.

قەھرىمان، قەيسەر قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى سېچىنىڭ دىۋىزىيىسىنى تارمار قىلدى، پېتلىيۇرانىڭ قالدۇق قىسىملىرى ئالاقزادە بولۇپ قېچىپ كەتتى.

كىچىك شەھەر بىردىنلا قايناپ كەتتى. جەبىر ـ جاپا چەككەن شەھەر ئاھالىسى كەينى ـ كەينىدىن يەر ئاستى ئۆيلىرى ۋە گەمىلەردىن خۇشال ھالدا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى

كۆرۈشمەكتە ئىدى.

بۇ چاغدا، سېرىيوژا ئاللىقاچان قىزىل ئارمىيىگە قاتنىشىپ بولغانىدى. قىزىل ئارمىيە شەھەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ گىمىدىن چىقىپ، قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنى كۆرۈپ، باندىت ئەسكەرلەر تاشلاپ كەتكەن مىلتىقنى ئېلىپ، دەرھال جەڭگە قاتناشتى. قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز سەپىدىشى قىلىشتى.

سېرىيوژا بۇ چاغدا قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى بولۇپ، يېڭى ئائىلە تېپىۋالدى.

كىچىك شەھەردە ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئورنى لىشچىنىسكىلارنىڭ ھويلىسىدا بولدى. ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا شىپتوپكادىكى بارلىق ئەمگەكچى خەلققە چىقىرىلغان تۇنجى مۇراجىئەتنامە چاپلاندى، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

*«يولداشلار!*

*پرولېتارىيات ئارمىيىسى بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلدى. سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. بىز پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەملىكىنى ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. يەھۇدىيلارغا زىيانكەشلىك قىلغان باندىتلار مەغلۇپ قىلىندى، ئۇلارنىڭ قايتا باش*

*كۆتۈرۈشكە قەتئىي يول قويماسلىق ۋە ئۇلارنى ئۇ- زۇل - كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن ھەممىلەن قىزىل ئارمىيىگە قاتنىشايلى! بۇ ئەمگەكچىلەر ھاكىمىيىتىنى ھەممىلەن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوغدايلى!*

*بۇ شەھەرنىڭ ھەربىي ھوقۇقى قوغدىنىش قوماندانلىق شتابىغا مەنسۇپ، ھاكىمىيەت ئىنقىلابى كومىتېتقا مەنسۇپ.*

*ئىنقىلابىي كومىتېت رەئىسى: دولىنىنىك»*

شەھەردە بارلىق تەشكىلاتلار يېڭىدىن قۇرۇلماقتا ئىدى. ئۆكرائىنا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ يەرلىك كومىتېتىمۇ قۇرۇلدى، سېريوژا ئۇنىڭ مەسئۇ- لى بولدى.

سېريوژا برۇززاك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپا- قىنىڭ ئەزاسى، رايونلۇق كومىتېتنىڭ شۆجىسى، پۈ- تۈنلەي بولشېۋىك بولۇپ قالدى.

ئۇ ئىگناتيېۋا بىلەن بىللە شەھەردىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەشكىللەپ، تەشۋىق - تەرغىبات ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىشى كېرەك ئىدى.

لېكىن، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ خىزمەتنى ئىشلەشكە قارشى چىقتى.

سىرىيوژا شەھەرگە قايتقاندا، ئۆيىگە كىرىپ باققانىدى، ئاپىسى ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ئېيىبلەپ كەتتى.

سىرىيوژا ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان چۈشەنگەچكە، ئاپىسىنىڭ كايىشلىرىنى ئۈنچىقماي ئاڭلىدى. لېكىن دادىسى تىللىغاندا، دەرھال ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، ئۇنى ئېغىز ئاچالماس قىلىۋەتتى.

— دادا! — دېدى ئۇ، — سىلەر ئىش تاشلىغاندىن كېيىن، پويىزدا تېخى نېمىس ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈر-دۈڭلار، سەن شۇ چاغدا ئائىلىمىزنى ئويلىغانمىدىڭ؟ ئويلىدىڭ، شۇنداقتىمۇ سەن ئۇ ئىشنى قىلىۋەردىڭ، چۈنكى پرولېتارىياتقا خاس ۋىجدان سېنى شۇنداق قىلدۇردى! خۇددى شۇنىڭدەك مەنمۇ سىلەردىن ئويلىدىم: ناۋادا بىز چېكىنىپ چىقىپ كەتسەك، جەزمەن سىلەر-نىڭ چېتىلىپ قالىدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن، بىراق ئەكسىچە بولسىچۇ، ناۋادا بىز غەلىبە قىلساق، قەد كۆ-تۈرگەن بولمامدۇق؟ مەن ئۆيدە تۇرمايمەن دادا، سەن ئەمدى تولا گەپ قىلىۋەرمە، سەن شۇنى بىلىشىڭ كې-رەككى، مەن دۇرۇس ئىش قىلىۋاتىمەن. سەن ماڭا ياردەم قىلساڭ، مېنى قوللىساڭ بولىدۇ. دادا، بىز كېلىشىپ قالايلى، ئاپامىمۇ كوتۇلدىمايدۇ.

ئۇ پاك، كۆكۈچ كۆزلىرى بىلەن دادىسىغا تىكىلىپ، سەممىي كۈلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ

توغرىلىقىغا ئىشىنەتتى.

برۇزۇك بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئوڭايسىزلىنىپ، ئولتۇرالماي قالدى ۋە مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قارا سېنى، — دېدى ئۇ ئوغلىغا، — مېنى سە-نىڭچە ۋىجدان بىلەن ئەيىبلىمەكچى بولىۋاتامسەن؟ ئۇ-زۈڭچە تاپانچا ئېسىۋېلىپ، مېنى ئەمدى تاسما بىلەن ئۇرالمايدۇ دەمسەن؟

لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق يېغىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇيان - بۇيان سىلاشتۇرۇپ، بىردىنلا بىرقا-رارغا كەلگەندەك قىلىپ:

— سېرىيوژا، ئوغلۇم، سەن داۋاملىق ئىلگىرىلەۋېر-گىن، سەن دۆڭگە چىقىپ كېتىۋاتقاندا، مەن ساڭا ھەرگىز توسقۇنلۇق قىلمايمەن! بىراق بىزنى تاشلىۋەت-مىگىن، پات - پات ئۆيگە كېلىپ يوقلاپ تۇرغىن، — دېدى.

سېرىيوژا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن يېقىن دوستى كېلىمكانى ئىت-تىپاققا قوبۇل قىلدى. ئاندىن كېيىن كېلىمكانىڭ ھەدىسى ۋالەنى ئىتتىپاققا كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە سىياسىي بۆلۈمدە ياشلار خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان رىتا ئۇستىنوۋىچ دېگەن قىز بىلەن تو-نۇشتى. ئۇ 18 ياشلىق، قاپقارا چاچلىرى قىسقا قىلىپ

قىرقىلغان، روھلۇق قىز بولۇپ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەشتە ناھايىتى تەجرى- بىلىك ئىدى.

سېرىيوژا «دۆلىيە سىياسىي بۆلۇم تەشۋىقات بۆ- لۇمى» دېگەن خەت يېزىلغان ۋاگونغا پات - پات بېرىپ تۇراتتى. ئۇ ئىختىيارسىزلا رىتا بىلەن يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئاشۇ ۋاگوندىكى بىر كىچىك بۆلۇمدە ئىش- لەيتتى.

ھەرقېتىم رىتا بىلەن قىسقىغىنا كۆرۈشكەندىن كېيىن سېرىيوژادا بىرخىل غۇۋا خۇشاللىق تۇيغۇسى پەيدا بولاتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى سېرىيوژا تاساددىپىيلا تىياتىرغا كىرىپ، جەڭچىلەرنىڭ ئارىسىدىن رىتانى تاپ- تى. كېچىسى ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانى- دى، سېرىيوژا ئۇنى پويىز ئىستانسىسىغا ئاپىرىپ قويدى. بۇ چاغدا سېرىيوژا نېمە ئۈچۈندۇر تۇيۇقسىزلا ئۇ- نىڭغا:

— يولداش رىتا، نېمىشقا دائىم سېنى كۆرگۈملا كېلىپ تۇرىدىغاندۇ؟ — دەۋەتتى ۋە گېپىنى داۋاملاشتۇ- رۇپ، — سەن بىلەن بىللە بولۇش ناھايىتى كۆڭۈللۈك جۇمۇ رىتا، ھەرقېتىم سېنى كۆرسەم باشقىچە روھلى- نىپ كېتىمەن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم كۈچكە تولۇپ كېتىدۇ، ئىشلىگەنسېرى ئىشلىگۈم كېلىدۇ.

رىتا توختاپ قالدى.

— يولداش سېرىيوژا، بىز كېلىشىۋالايلى، بۇنىڭدىن كېيىن سەن بۇنداق لىرىك شېئىرلارنى توقۇپ يۈرمە. مەن بۇنداق قىلىشنى ياقتۇرمايمەن، — دېدى.

سېرىيوژا گويا تەنبىھ ئاڭلىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك ھۇپپىدە قىزىرىپ:

— مەن سېنى سىرداش دوستۇم دەپ بۇ گەپنى ئېيتىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — لېكىن سەن ماڭا بۇنداق... گويا مەن ئەكسىلئىنقىلابىي گەپ قىلىپ قويغاندەك. يولداش رىتا، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى بۇنداق گەپ قىلمايمەن!

ئۇ ئىتتىك قول ئېلىشىپ خوشلىشىپ، شەھەرگە قاراپ يۈگۈرەپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە پويىز ئىستانسىسىغا بارمىدى، ئۇ راستتىنلا ناھايىتى ئالدىراش ئىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئىنقىلابىي كومىتېت يىغىن ئاچتى، ئۇنىڭغا رىتامۇ قاتناشتى.

ئۇ سېرىيوژانى بىر چەتكە تارتىپ، ناھايىتى تەمكىنلىك ۋە مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

— ساڭا نېمە بولدى؟ ئۇششاق بۇرژۇئاچە غۇرۇرۇڭغا تېگىپ قويدۇممۇ ـ يە؟ سەن راستتىنلا خۇسۇسىي

ئىشنى دەپ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەكچىمۇ؟ يولداش، بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس!

شۇنىڭ بىلەن سېرىيوژا يەنە پات ـ پات پويىز ئىستانسىسىغا بارىدىغان بولدى.

لېكىن ناھىيىلىك قۇرۇلتايدىن كېيىن، ئۇ رىتانى پويىز ئىستانسىسىغىچە ئۇزىتىپ بېرىپ خوشلىشىۋاتقاندا، رىتانىڭ قولىنى قايتا ـ قايتا سىقىپ تۇرۇۋالدى.

رىتا بۇ قېتىم ئاچچىقى بىلەن قولىنى تارتىۋالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، سېرىيوژا خېلى ئۇزاققىچە رىتادىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۇردى، ھەتتا خىزمەت ئۇستىدىمۇ ئەتەي ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىدى.

كېيىن رىتا ئۇنىڭدىن نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ ئاچچىقى بىلەن:

— قانداق قىلسام بولاتتى؟ بىرگەپ قىلىشىم بىلەنلا، يەنە مىشچانلىق قىلىدىغان ئىشچىلار سىنىپىغا ئاسىيلىق قىلىدىغان دېگەندەك قالپاقلارنى كىيدۇرگىلى تۇرارسەن، — دېدى.

كافكازلىق قىزىل ئارمىيە دىۋىزىيىسىنىڭ ھەربىي پويىزى پويىز ئىستانسىسىغا كىرىپ كەلدى.

ئۇلار دولىنىنكنى تېپىپ، دەرھال يۇز ھارۋا ئوت ـ چۆپ بېرىشنى ئېيتتى.

بۇنىڭ بىلەن، سېرىيوژا ئىككى جەڭچى بىلەن

بىرلىكتە ئوت ـ چۆپ تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتىلدى. ئۇلار بىر مەھەللىگە كەلگەندە باي دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەن باندىتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، قورالسىزلاندۇرۇپ، ئۇ-رۇپ چالا ئۆلۈك قىلىۋېتىلدى.

رىتا شۇ كۈنى كەچتىلا سېرىيوژانى يوقلاپ باردى. ئۇ سېرىيوژانىڭ قولىنى تۇنجى قېتىم شۇنچە قىزغىن، شۇنچە سەممىمىي سىقىپ كەتتىكى، بۇنداق قول سى-قىشنى سېرىيوژا ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

كۈن قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن بىر چۈشلۈكى سېرىيوژا تەشۋىقات ۋاگونىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، رىتا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئورمانلىققا بېرىپ سەيلە قىلىش، كۆلدە چۆمۈلۈشكە كېلىشتى.

رىتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆل بويىغا كەلدى. ئەي-نەكتەك سۈپسۈزۈك كۆل سۈيى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى.

— سەن چوڭ يول ئاغزىغا چىقىپ تۇر، مەن چۆ-مۈلۈۋالاي، — دېدى رىتا بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن.

سېرىيوژا چۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئور-مانلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بىردەم ئارام ئالماقچى بولۇشتى.

رىتا ئاپئاق بىلىكىنى ياستۇق قىلىپ، يۇمشاق ئوت ـ چۆپ ئۈستىگە ياتتى. ئۇنىڭ ساغلام، كېلىشكەن

ياقالچاقلىرى بىلەن ياماق ئۇستىگە ياماق چۈشكەن ئۇ- تۇكلىرى ئىگىز ئۆسكەن ئوت- چۆپلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇلار كۆز ئالدىدىكى ئۇرۇش ئەھۋالى، ئارمىيىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم پۇرسەتپەرەسلەر ئۈستىدە پاراڭلاشتى. ھەممە شۇنچە تەبىئىي ھەم شۇنچە يېقىملىق ئىدى.

— سېرىيوژا، بېرى كەلگىنە، — دېدى رىتا ئاستا- غىنە.

سېرىيوژا ئۇنىڭ يېنىغا سۇرۇلدى.

— ئاسمانغا قارا، — دېدى ئۇ، — ئاسمان كۆپكۆك، سېنىڭ كۆزلىرىڭمۇ خۇددى ئاشۇ ئاسمانغا ئوخشاش كۆپكۆك. بۇ ياخشى ئەمەس. سېنىڭ كۆزلىرىڭ خۇددى پولاتنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش قېنىق كۇل رەڭ بولۇشى كېرەك ئىدى. كۆك رەڭ تولىمۇ مۇلايىم كۆرۈنىدۇ.

شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ بىردىنلا سېرىيوژانىڭ قوڭۇر چاچلىق بېشىنى قۇچاقلاپ، لەۋلىرىدىن قاتتىق بېسىپ سۆيدى....

ھەش- پەش دېگۈچە ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ، كۈز كەلدى.

دەل- دەرەخلەرنى قاپقارا پەردىگە ئوراپ ئاستا- ئاستا كەچمۇ كىردى.

ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ رەئىسى دولىنىنىڭقا بىر تېلېگىراممىا كەلدى:

*«دېۋىزىيە سەنمۇجاڭغا، كۆچۈرۈلمىسى شىپتوپكا ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ رەئىسىگە. تېلېگىراممىا تاپشۇ-رۇپ ئېلىپ ئون سائەت ئىچىدە، شەھەردىكى بارلىق ئورگانلار چېكىندۈرۈلسۇن. شەھەردە بىر باتالىيون قال-دۇرۇلۇپ، مۇشۇ رايوننىڭ قوماندانى N پولكىنىڭ باش-لىقى ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلسۇن. دېۋىزىيە سەنمۇبۇسى، سىياسىي بۆلۈمى ۋە بارلىق ھەربىي ئورگانلار بىردەك بارانچې پويىز ئىستانسىسىغا چېكىندۈرۈلسۇن. ئىجرا قىلىش نەتىجىسى دەرھال دېۋىزىيە باشلىقىغا دوكلات قىلىنسۇن.»*


*(ئىمزا)*

كىشىلەر دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى.

سېرىيوژا پويىز ئىستانسىسىغا رىتا بىلەن خوش-لاشقىلى باردى.

ئۇ ئۆزىنىڭ چەكسىز قىممەتلىك نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلگەنىدى.

— خوش رىتا، سۆيۈملۈك دوستۇم! بىز يەنە كۆ-رۈشىمىز، مېنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما، — دېدى سېر-يوژا.



جەنۇب سىپىنىڭ قوماندانلىق شتابى بۇ ئۇلۇغ جەڭنى ھەرگىز قىلچە سەزدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىنتايىن ئېھتىيات قىلدى.

ئۇزمان ئالىسنقى سىپىدە كەسكىن جەڭ توختىتىلدى. قىزىل ئارمىيە تۈيدۇرماي توپلانماقتا ئىدى.

جەڭچىلەر بۇ چاغدا گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، پاراڭلىشىپ دەم ئېلىۋاتاتتى.

بىرنەچچە تاماق قاچىسى ئوتقا پاتۇرۇپ قويۇلغاندى، قاچىلاردىكى سۇلار توختىماي پۇرۇقلاپ قايناۋاتاتتى ئىدى.

بىر جەڭچى ئوت ئەتراپىدا ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. توساتتىن بىر ئوت ئۇچقۇنى چاچراپ چىقىپ ئۇنىڭ چېچىغا چۈشتى. بۇ جەڭچى ئىتتىك بېشىنى قاچۇرۇپ، غودۇرىدى:

— ھۇ شەيتان!

ئەتراپتىكىلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى. ئارىدىن بىرەيلەن:

— كورچاگىن ئوقۇغانلىرىڭنى بىزگە دەپ بەرگىنە، — دېدى.

— بولدى، پاۋېل بىزگە ئوقۇپ بەرگىن، — دەپ جەڭچىلەر تەڭلا چۇرقىراشتى.

پاۋېل ھەممىيلەنگە قاراپ تۇرۇپ:

— بۇ «كۆكۈيۈن» دېگەن كىتاب. مەن بۇنى باتالىيون سىياسىي كومىسسارىدىن ئارىيەت ئالغان، بۇ كىتاب مېنى ناھايىتى تەسىرلەندۈردى. مەن سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي. جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاڭلار، — دېدى.

ھەممەيلەن خېلى ئۇزاققىچە ئۈنچىقماي ئاڭلاشتى. كۆكۈيۈننىڭ ئۆلۈمىدىن ھەممەيلەن قايغۇردى.

— بۇ بەك ئېچىنىشلىق ئىكەن! قارىغاندا، دۇنيادا ھەقىقەتەن شۇنداق ئادەملەرمۇ بارئىكەن. ئەسلىدىنمۇ ئادەم چىدىيالمايدۇ، لېكىن بىرەر مەسىلەكىنىڭ مەدەتكارلىقى بولغاندا، ھەممىسىگە بەرداشلىق بەرگىلى بولىدىكەن، — دېدى جەڭچى سېرىدا ھەممىدىن بۇرۇن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا مەردانە سۆزلەرنى قىلاتتى، كۆكۈيۈننىڭ ھېكايىسى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى.

جەڭچى ئاندىرشۇك بىر تاياق بىلەن تاماق قاچىسىنى ئوتقا ئىچكىررەك ئىتتىرىپ قويۇپ سۆزگە كىرىشتى:

— نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆلسەڭ، بۇ باشقا گەپ. بۇنداقتا ئادەمدە كۈچ ـ قۇۋۋەت پەيدا بولىدۇ. ئەگەر سەن ھەقىقەتەن ئۆزۈڭ تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلسەڭ، مەيدەڭنى كېرىپ مەردلەرچە

ئۆلگۈلۈك كېلىدۇ. قەھرىمانلىقمۇ مانا مۇشۇنداق شەكىللىنىدۇ.

بۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر رازۋېدچىلىرى ئۆز تەسىراتىنى قىزغىن سۆزلەشمەكتە ئىدى، ئۇلار ئۇخلىماقچى بولغاندا، يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى. سىياسىي يېتەكچى كىرامىر تېخى ئۇخلىماي، خاتىرە دەپتىرىگە بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتاتتى.

ئەتىسى پاۋېل چارلاشتىن قايتىپ كېلىپ، كىرامىرنى تېپىپ:

— سىياسىي يېتەكچى، مەن 1 ـ ئاتلىقلار ئارمىيىسىگە يۆتكىلىپ كېتەي دەۋاتىمەن، بولارمۇ؟ ئۇلار جەزمەن جەڭ قىلىدۇ. قارىڭ، بىزچۇ، بىز بۇ يەردە، بىكار يېتىۋېرىدىغان ئوخشايمىز، — دېدى.

سىياسىي يېتەكچى ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى:

— نېمە؟ 1 ـ ئارمىيىگە يۆتكەلمەكچى؟ سەن قىزىل ئارمىيىنى نېمە چاغلايسەن؟ ئۇ خالىغانچە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىدىغان كىنوخانىمىدى؟ تازىمۇ قاملاشمىغان گەپ بولىدىدە بۇ.

— قەيەردىلا جەڭ قىلساق ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ — دېدى پاۋېل ئۆزىنى يوللۇق كۆرسىتىپ، — مەن قېچىپ كېتىۋاتقىنىم يوققۇ.

— بولمايدۇ! سەن ئىنتىزامنى نېمە چاغلايسەن؟ —

دېدى كىرامىر كەسكىن رەت قىلىپ، — پارتىيە ۋە ئىتتىپاقتا پولاتتەك ئىنتىزام بار، ئارمىيىدىمۇ شۇنداق، نەنى خالىسالڭ شۇ يەرگە بارىمەن دېمەي، ئېھتىياجغا قاراپ بوي سۇنۇشۇڭ كېرەك!

پاۋېل يەنىلا گېپىدە چىڭ تۇردى:

— دېگەنلىرىڭىز توغرا، بىراق مەن ھامىنى بۇد-يونىنىڭ ئاتلىقلار قىسمىغا كېتىمەن، مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم.

ئەتىسى ئاتلىق قىسىم رازۋېدكىچىكلار ئەترىتىدە پاۋېلنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى.

1920 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.

بۇدیوننىنىڭ 1 ـ ئاتلىق ئارمىيىسى بىرنەچچە قې-تىملىق قىسقا ھەم شىددەتلىك ھۇجۇمدىن كېيىن، پولشانىڭ 3 ـ ۋە 4 ـ ئارمىيىلىرى قوشۇلغان جايدىن بۆسۈپ ئۆتتى.

ئۇلار پولشا ئارمىيىسىنىڭ زەربىدار ئەترىتىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە بۆسۈپ كىردى.

6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، تاڭ سەھەر.

ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆتىنچى دېۋىزىيىسى ژىتومىرغا قاراپ ماڭدى، ئۇ يەردە پولشا ئارمىيىسىنىڭ بىر قو-ماندانلىق شتابى بار ئىدى.

پاۋېل بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنىگە كىردى. قىزىل ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلىرى يەلپۈگۈچتەك يېيىلىپ ئۈچقاندەك ژىتومىر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە قاراپ ئېتىلدى.

«ئالغا! ئالغا!»

قىلىچلار كۈن نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىرايتتى. ھودۇقۇپ كەتكەن پولشا ئارمىيىسى ھېچقانچە قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى.

پاۋېل يەنە بىر سەپدىشى توپتالو بىلەن سېپىنىڭ ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتاتتى. بىردىن، توت كوچا ئېغىزىدا بىر پىلىموت پەيدا بولۇپ قالدى. يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇرۇلغان پىلىموتنىڭ يېنىدا كۆك رەڭدە ھەربىي كىيىم كىيگەن ئۈچ پولشا ئەسكىرى ئېڭىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا يەنە بىر ئوفىتسېر تۇراتتى. ئۇنىڭ ياقىسىغا زەر يىپ بىلەن يىلان شەكىللىك بەلگە چېكىلگەنىدى، ئۇ ماۋزېرنى ئالدىغا سوزدى.

پاۋېل بىلەن توپتالو ئاتلىرىنى چاپتۇرغان پېتى توپتوغرا ئۆلۈم چاڭگىلى بولغان پىلىموتقا قاراپ ئېتىلدى.

ھېلىقى ئوفىتسېر ئاۋۋال پاۋېلغا قارىتىپ ئوق چىقاردى، لېكىن تەگكۈزەلمىدى، ئوق خۇددى قۇشقاچتەك ۋىژىلداپ، ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ

كەتتى.

ھېلىقى ئوفىتسېر ئاتنىڭ كۆكرىكىگە ئۇرۇلۇپ، خېلى يىراققا ئۇچۇپ بېرىپ، بېشى تاشقا تېگىپ يەـ قىلدى.

شۇ ئەسنادا پىلىموت تاتاتلىدى. توپتالو خۇددى بىر قانچە ئون ھەرە تەڭلا چېقىۋالغاندەك، قارا ئات بىلەن بىللە يەرگە يىقىلدى.

پاۋېلنىڭ ئېتى ئۈركۈپ چاپچىپ، ئاچچىق كىشـ نىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ئۇ پاۋېلنى ئېلىپ، ئۆـ لۈكلەرنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، پىلىموت ئالدىكى دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلدى.

قىلىچ بوشلۇقتا يالتىراپ ياي شەكلىنى سىزىپ، تۆت بۇرجەكلىك كۆك قالپاق كىيگەن بىر دۈشمەننىڭ بېشىغا قاراپ چېپىلدى.

شۇ ئارىلىقتا، ئاتلىقلار لېيەنىدىكىلەر گويا كەلـ كۈندەك تۆت كوچا ئېغىزىغا قاراپ ئاقتى، نەچچە ئونـ لىغان قىلىچلار بوشلۇقتا ۋالىلىدى.

شەھەر ئازاد بولدى.

پاۋېل تۈرمىگە كەلدى. ئۇ تۈرمىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ۋارقىرىدى:

— يولداشلار، سىلەر ئەركىنلىككە چىقتىڭلار، بىز بود يۈنىننىڭ قوشۇنى، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بۇ شەـ

ھەرنى ئازاد قىلدى.

كۆزلىرى ياشقا تولغان بىر ئايال پاۋېلغا ئېتىلدى ۋە خۇددى ئۆز ئوغلىدەك چىڭ قۇچاقلاپ، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

پولشا ئارمىيىسى تەرىپىدىن بۇ يەرگە قامالغان، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقان بەش مىڭدىن ئارتۇق بولشېۋىك بىلەن قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىككى مىڭدىن ئارتۇق سىياسىي خىزمەت خادىمى قۇتقۇزۇۋېلىندى، بۇ ھەرقانداق ئۆلجىدىن قىممەتلىك ئىدى. بۇ ئىنقىلابچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، زۇلمەتلىك كېچە ئۆتۈپ كېتىپ، پارلاق كۈندۈز يېتىپ كەلگەنىدى.

قۇتقۇزۇلغانلار ئارىسىدىن بىرەيلەن پاۋېلنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، ئۇ شىپتوپكىدىكى نابۇرچىك سامۇئىل لىخىر ئىدى.

ئۇ پاۋېلنىڭ يۇرتىدا يۈز بەرگەن پاجىئەلىك ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇ پاۋېلغا قىزىل ئارمىيە چېكىنىپ چىققىپ كەتكەندىن كېيىن، خائىننىڭ چېقىپ قويۇشى بىلەن، نۇرغۇن ئادەمنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۈچ ئادەمنىڭ دارغا ئېسىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى:

— ھەرقايسى جايلاردىن 29 ئادەم تۇتۇپ كېلىندى،

بۇلاردىن ئالتىسى قىزلار ئىدى. ئۇلار بىزنى يىرتقۇچلا-رچە ئازابلىدى. ۋاله بىلەن روزاغا بىرىنچى كۈنىلا باس-قۇنچىلىق قىلىشتى!

— ۋاله بىلەن يەنە ئىككى كىشىنى دارغا ئاستى، باشقىلارنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ۋاله ئەڭ ئاخىرقى مىنۇت-قىچە ناھايىتى قەيسەرلىك كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى باتۇر جەڭچىلەردەك بولدى!

........

سامۇئىل سۆزىنى توختىتىپ، يىراق - يىراقلارغا تىكىلىپ قاراپ قالدى.

چىرايلىرى قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگەن، باشلىرى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ، داردا جىمغىنا چايقىلىپ تۇر-غان ئۈچ جەسەت پاۋېلنىڭ كۆز ئالدىدا ئېنىق گەۋدى-لەندى، ئۇنىڭ يۈرەكلىرى مۇجۇلدى....

يىغىلىشقا چېلىنغان كاناي ئاۋازى پاۋېلنى چۈ-شىدىن ئويغانغاندەك ئېسىگە كەلتۈردى.

— يۈر سامۇئىل، تاشقىرىغا چىقايلى، — دېدى پا-ۋېل ناھايىتى پەس ئاۋازدا.

يۈرتداشلار! سىلەرنىڭ تۆككەن قېنىڭلار زايە كەت-مەيدۇ.

ژىتومىرنى ئىشغال قىلغان 11 - دىۋىزىيە قانلىق جەڭدىن كېيىن يەنە بېردىچېپ شەھىرىنى ئىشغال

قىلدى.

پولشا ئارمىيىسى ئالاقزادە بولۇپ قېچىپ، كە‌ـ يىۋىدىن چېكىنىپ چىقىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ قور‌ـ شاۋىدىن بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالدى.

كەينى ـ كەينىدىن قاتتىق جەڭ بولدى. ھەركۈنى يېڭى خەۋەر كېلىپ تۇراتتى. بۆدىيوننىڭ ئاتلىق قىسمى تاغنى تالقان قىلغۇدەك قۇدرەت بىلەن ئىلگە‌ـ رىلەپ، پولشا ئارمىيىسىنىڭ پۈتكۈل ئارقا سېپىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. ئۇلار پولشا ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سەپ يۆلىكى بولغان نوۋوگراد ـ ۋولىنىسكىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى.

ئاتلىق قىسىم سىلۇچ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، نوۋوگراد ۋولىنىسكى شەھىرىگە كىردى.

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى.

لىۋۋو ئەتراپى.

پاۋېل ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى پىتىراپ كەتكەن پولشا ئارمىيىسىنىڭ سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ كەتتى.

بۇ چاغدا، «دىۋىزىيە باشلىقى قۇربان بولدى» دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى.

پاۋېل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ كەتتى.

دەھشەتلىك غەزەپ ئوتى ئۇنى چىرمىۋالدى! ئۇ قىلىچى-
نىڭ كەينى بىلەن ئىتىمنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئالغا ئې-
تىلدى:

— چاپ بۇ ۋەھشىيلەرنى! چاناپ تاشلا! ئۇلار بىز-
نىڭ دىۋىزىيە كوماندىرىمىز لېتونوفنى ئۆلتۈرۈپتۇ!

دىۋىزىيە كوماندىرىنىڭ قۇربان بولغانلىقىدىن غە-
زەپى قايناپ تاشقان جەڭچىلەر ئاقلار ئارمىيىسىنىڭ
بىر پەي ئەسكىرىنى چىپىپ تاشلىدى.

بىراق، بۇ چاغدا دۈشمەننىڭ زەمبىرەكلىرى ئۇلارغا
قارىتىپ ئېتىلدى. زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارتلىغان ئاۋازى
بوشلۇقتا كەينى - كەينىدىن ياڭرىدى.

بىر يېشىل نۇر پاۋېلنىڭ كۆز ئالدىدىن ۋالىلداپ
ئۆتۈپ، قۇلاق تۈۋىدىلا گۈمبۈرلىدى، قىزىرىپ كەتكەن
بىر تۆمۈر پارچىسى ئۇنىڭ بېشىغا تەگدى. يەر - زېمىن
دەھشەتلىك پىرقىراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى.
تۇن قاراڭغۇسى ھەممە يەرنى قاپلىدى.

## 9

قۇرۇقلۇق ئارمىيە دوختۇرخانىسى.

پاۋېل ئون ئۈچ كۈن ھوشسىز يېتىپ، ئاخىر
ھوشىغا كەلدى.

ياش دوختۇر نىنا ۋىلادىمىروۋنا تۆت چاسا بۆلۈمدە ئۆزىنىڭ ئاچ بىنەپشە خاتىرە دەپتىرىنى ۋاراقلاپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭغا رەتلىك ھەرپلەر بىلەن مۇنداق خاتىرىلەر يېزىلغانىدى:

«1920 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى.

بۈگۈن بىزگە قۇتقۇزۇش پويىزىدىن بىر تۈركۈم ئېغىر يارىدارلارنى ئېلىپ كېلىشتى. بېشى ئېغىر يارىلانغان بىر جەڭچى جايلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئىسىم فامىلىسى — پاۋېل ئاندرېيېۋىچ كورچاگىن. ئۇ 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارچىسى تېگىپ يارىلانغانىدىن بۇيان بىھوش ياتماقتا. ئەتە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

بۈگۈن كورچاگىننىڭ جاراھىتى تەكشۈرۈلدى. جاراھەت ناھايىتى چوڭقۇر، باش ئۇستىخىنى تېشىلگەن، باشنىڭ ئوڭ تەرىپى پۈتۈنلەي سەزمەيدۇ، ئوڭ كۆزى ئىششىغان، كۆزىدىن قان ئېقىپ تۇرىدۇ....

دوختۇر ئۇنى ساقىيالمايدۇ، دەيدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

كورچاگىن تېخىچە ھوشىغا كەلمىدى. ئۇ مەخسۇس بۆلۈمگە يۆتكەلدى، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈش

ئالىدىكىلەر. سېستىرا فروسە كۈن بويى ئۇنىڭ قېشىدىن كەتمەيدۇ. ئۇبۇ ياردارغا ئاجايىپ كۆيۈنىدۇ. بىراق، ھازىر ماڭىمۇ ئۇنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوقتەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كەچ سائەت 11.

بۈگۈن ئاجايىپ ياخشى بىر كۈن بولدى!

مەن قاراۋاتقان كورچاگىن ھوشىغا كەلدى. ئۇ ھايات قالىدىغان بولدى!

.....

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

بۈگۈن مەن كورچاگىننىڭ نامىدا ئۆيىگە خەت يېزىپ بەردىم. ئۇ، ئائىلىسىدىكىلەرگە «مەن يارىلاندىم، پات ئارىدا ساقىيىپ ئۆيگە بېرىپ كېلىمەن» دەپ يازدۇردى.

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

بۈگۈن ئىككى قىز كورچاگىن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. ئۇلاردىن بىرى تولىمۇ چىرايلىق قىز بولۇپ، ئىسمى تونە ئىدى.

بۇ ئىسىم ماڭا تونۇشلۇق، چۈنكى كورچاگىن جۆيلۈپ ياتقاندا دائىم ئۇنىڭ ئىسمىنى تاۋلايتتى.

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

كورچاگىن بۈگۈن دوختۇرخانىدىن چىقتى.

*بىز ئىنتايىن سەمىمىي خوشلاشتۇق.*

*ئۇنىڭ ئوڭ كۆزى قارىماققا ساقايغاندەكلا تۇرىدۇ، لېكىن پۈتۈنلەي كۆرمەس بولۇپ قالدى.*

*ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىش ماڭا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى.*

*ئىش دائىم مانا شۇنداق بولىدۇ: كېسەللەر ساقىيىدۇ ۋە بىز بىلەن يەنە ئۇچراشماسلىقنى ئۈمىد قىلىپ، بۇ يەردىن كېتىدۇ.»*

پاۋېل دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئۇ باشتا تونە تۇرۇۋاتقان بورانوۋسكىلارنىڭكىدە تۇردى. ئۇ دەررۇلا تونەنى ئىجتىمائىي خىزمەتكە قاتناشتۇرماقچى بولدى.

لېكىن، پاۋېل ئۈمىدسىزلىنىپ قالدى. تونە ئادەتتىكى ئىشچىلارغا ئوخشىمايتتى! تونەنىڭ ياسىنىشى پاۋېلنىڭ يولداشلىرىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولغاچقا، ئۇنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى.

تونەنىڭ قاتتىق مەنمەنلىكىگە پاۋېل بارغانسېرى چىداپ تۇرالماس بولۇپ قالدى. پاۋېل ئىشتىن يېنىپ كېلىپ، تونە بىلەن بولغان ھەربىر ئۇچرىشىش، ھەربىر سۆھبەتتە كۆڭۈلسىزلىك ھېس قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ناھايىتى مۇستەھكەمدەك كۆرۈنگەن دوستلۇقنىڭ بۇزۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى ھەرئىككىسى

ئېنىق ھېس قىلىشقا باشلىدى.

بۇگۇن ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئاخىرقى گەپلەرنى دې‍يىش ئۇچۇن غازاڭ باسقان كۇپىس باغچىسىغا كېلىشتى.

ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرى تروخاتوپ شەھىرىگە ئالتۇن تون كىيدۇرۇپ، ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىنىمۇ چوغدەك قىزىل نۇر چاچتۇرۇپ پارقىرىتاتتى.

تونە ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ، ئىنتايىن ھەسرەت بىلەن:

— بىزنىڭ دوستلۇقىمىزمۇ ئاشۇ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشقا ئوخشاش تۈگىشىپ كېتەمدۇ؟ — دېدى.

پاۋېل ئۇنىڭغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، قاپىقىنى تۇرۇپ پەس ئاۋازدا گەپ قىلدى:

— تونە، بۇ ئىش توغرۇلۇق بىز بۇرۇنلا سۆزلەشكەن. دېمىسەممۇ بىلىسەن، مەن سېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم، ھازىرمۇ مېنىڭ مۇھەببىتىم يەنە ئەسلىگە كېلىشى مۇمكىن، لېكىن سەن بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشۇڭ كېرەك.

مەن ھازىر ئىلگىرىكى پاۋېل ئەمەسمەن. ئەھۋال روشەن تۇرۇپتۇ. ئەگەر سەن مېنىڭدىن ئۆزۈڭنى ھەممىدىن ئۇستۇن قويۇشنى تەلەپ قىلساڭ، ئۇنداق قىلالمايمەن، ساڭا ياخشى ئەرمۇ بولالمايمەن.

مەن ئالدى بىلەن ۋەتەنگە مەنسۇپ، ئاندىن قالسا

ساڭا ۋە باشقا توغقانلىرىمغا مەنسۇپ.

تونە كۆپكۆك دەريا سۈيىگە ھەسرەت بىلەن تىكى-لىپ، كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

پاۋېل ئۇنىڭ چىرايىغا ۋە چاچلىرىغا سەپسىلىپ قاراپ، ئىلگىرى ئۆزى شۇ قەدەر ياخشى كۆرگەن بۇ قىزغا نىسبەتەن كۆڭلىدە ھېسداشلىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

ئۇ قولىنى تونەنىڭ مۈرىسىگە مېھرىبانلىق بىلەن قويۇپ، سەمىمىي ھالدا سۆزلىدى:

— ساڭا توسالغۇ بولۇۋاتقان ھەممە نېمىنى چۆرۈپ تاشلاپ، بىزنىڭ قوشۇنىمىزغا كەلگىن. بىز بىرلىكتە كونا دۇنيانى پاچاقلاپ تاشلايلى.

بىزنىڭ بۇ يەردە نۇرغۇن ياخشى قىزلارمۇ بارغۇ؟ ئۇلار بىز بىلەن بىللە خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلارغا چىداپ جەڭ قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار بەلكىم سېنىڭچىلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەستۇ، لېكىن سەن زادى نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن بىللە جەڭ قىلىشنى خالىمايسەن؟

دوستلىرىڭ ماڭا سوغۇق مۇئامىلە قىلدى، دەيسەن. لېكىن شۇ كۈنى ئۆزۈڭ نېمىشقا خۇددى كاپىتالىستلار-نىڭ تانىسىغا بارىدىغاندەك شۇنچە ياسىنىۋالىسەن؟

تەكەببۇر مىجەزىڭ سېنى بۇلغىدى، سەن ئۆزۈڭچە پاسكىنا كىيىم كىيىپ يۈرگەن كىشىلەردەك يۈرۈشنى

خالىمايسەن. سەن بىر ئىشچىنى سۆيۈشكە جۈرئەت قىلغان ئىكەنسەن، نېمە ئۈچۈن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ غايىسىنى سۆيۈشكە جۈرئەت قىلالمايسەن؟

سەن بىلەن ئايرىلىشىمغا ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمەن. سېنىڭ مەندە ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشۇڭنى ئۈمىد قىلاتتىم.

پاۋېل سۆزلەپ بولۇپ، شۈك بولۇپ قالدى. بۇ گەپلەرنىڭ ئەمدى ئەسقاتمايدىغانلىقىنى پاۋېل چۈشەنەتتى.

ئەتىسى، پاۋېل كوچىدا ئۆلكىلىك ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى فيودرو جوھرايىنىڭ قولى قويۇلغان بىر ئېلاننى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش كومىتېتىغا جوھراي بىلەن كۆرۈشكىلى باردى. جوھرايىنىڭ بىر قولىنى زەمبىرەك ئوقى ئۈزۈۋەتكەنىدى. جوھراي پاۋېلنىڭ مۇشۇ يەردە قېلىپ ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىشىنى ئۈمىد قىلدى.

پولشا ئارمىيىسىگە زەربە بېرىش ئۇرۇشى ئاياغلاشتى. ئىككى تەرەپ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى.

قىزىل ئارمىيىنىڭ بىرمۇنچە دىۋىزىيىلىرى پولشا ئالدىنقى سېپىدىن جەنۇبقا يۆتكەلدى. شۇ چاغدا، جۇمھۇرىيەت پولشا ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا،

ۋرانگېل بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قىرىمدىكى ئۇۋۇ-سىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، دنېپر دەرياسىنى بويلاپ شى-مالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئىكاتىرىنوسلاپ ئۆلكىسىگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى.

دۆلەت بۇ ئەلگ ئاخىرقى ئەكسىلئىنقىلابچىلار ئۇ-ۋىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈچ توپلاۋاتاتتى. ھەربىي پو-يېزلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىر كېيىۋ ئارقىلىق جەنۇبقا قاراپ كېتىپ بېرىشماقتا ئىدى.

پاۋېل قاتناشقان تۆمۈر يولدىكى ئەكسىلئىنقىلابچى-لارنى بېسىقتۇرۇش كومىتېتىنىڭ خىزمىتى ناھايىتى ئالدىراش ئىدى.

ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش كومىتېتى-نىڭ خىزمىتى ئۇنىڭ يارىلانغان نېرۋىلىرىغا قاتتىق تەسىر يەتكۈزدى. ئۇنىڭ بېشى دائىم دېگۈدەك يىگىنە سانجىغاندەك ئاغرىيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا خىزمەت-تىن قالماي، پويىز ئىستانسىسىدا ئۇياقتىن بۇياققا چېپىپلا يۈرەتتى.

بىر كۈنى، ئۇ ئۇشتۇمتۇت سېرىيوژانى كۆرۈپ قال-دى. سېرىيوژا ئالدىنقى سەپكە بارىدىغان ھەربىي پويىزدا ئولتۇراتتى. بۇ ئىككى قەدىناس دوست بىردەم بىللە بولدى ـ دە، سېرىيوژا پويىزغا چىقىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئالدىراپ ـ تېنەپ كۆرۈشۈپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ

خوشلاشتى.

پاۋېل بۇنىڭ سېرىيوژا بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىش بولۇپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىنكى بىرىنچى جەڭدە، سېرىيوژا ئۇكرائىنانىڭ كۆز يەشلىگە قەدەم قويغان دالاسىدا كۆز يۇمدى.

ئېغىر خىزمەت پاۋېلنىڭ سالامەتلىكىگە قاتتىق تەسىر يەتكۈزدى. ئۇنىڭ جاراھىتى ئۈزلۈكسىز ئاغرىپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىرى خىزمەتنى داۋاملاشتۇرالماي، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش كومىتېتىدىن ئايرىلىپ، تۆمۈر يول باش زاۋۇتىغا بېرىپ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شۇجىلىق خىزمىتىنى ئۆتىدى.

1920 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى پاۋېل ئۆزىنىڭ ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغان يۇرتى شېپېتوپكاغا قايتتى.

ئۇ پويىزدىن چۈشۈپلا ئۇدۇل ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئاپىسى ئىشىكنىڭ قېقىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلۇپ: «كىرىڭ!» دېدى.

ئۇ سۆيۈملۈك ئوغلىنى كۆرۈپلا بەختلىك كۆز ياشلىرىنى تۆكتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئارتيوممۇ قايتىپ كەلدى. كورچاگىن ئائىلىسىدىكىلەر ئاخىر يەنە جەم بو-

لۇشتى.

— ئىككىڭلار بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ — دېدى سورىدى ئانىسى ئوغۇللىرىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن.

— مەن يەنىلا كونا كەسپىمنى قىلماقچىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئارتيوم ئويلاپ ئولتۇرمايلا.

پاۋېل ئۆيدە ئىككى ھەپتە تۇرۇپلا كىيىۋقا قايتىپ كەتتى، ئۇ يەردىكى بىرمۇنچە ئىشلار ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى.

# ئىككىنچى قىسىم

## 1

پاۋېل كىيېۋ ئىتتىپاق كومىتېتىدا رىتاغا ياردەم-لىشىپ ئىشلىدى.

رىتا پاۋېلنىڭ ئۇستازى بولۇپ قالدى، ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدا پاۋېلغا يېتەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنتىزامغا رىئايە قىلمايدىغان كەمچىلىكىنى تۈزىتىشكە ياردەم قىلدى.

شەھەر ئەتراپىدا باندىتلار پەيدا بولۇپ قالغانىدى.

ئورلىكنىڭ باندىتلار شايكىسى خۇددى يىرتقۇچ مولۇندەك شەھەر ئەتراپىدىكى جىلغىلاردا، ئورمانلاردا قاتراپ يۈرەتتى.

كۈندۈزى ئۇلار ئەتراپتىكى يېزا-كەنتلەرگە ياكى ئورمان ئىچىدىكى ھەسەل ھەرىسى بېقىلىدىغان چوڭ مەيدانلارغا يوشۇرۇناتتى. كېچىلىرى تۆمۈر يولغا چىقىپ، تۆمۈر يوللارنى بۇزاتتى، ئاندىن كېيىن يەنە ئۇۋىسىغا قايتىپ كېتەتتى. نەتىجىدە پويىز رېلىستىن چىقىپ كېتىپ، خەلققە زور زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى.

ئالېكساندىر پوزىرىۋىسكى قىزىل ئارمىيە جەڭچى-لىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ بىر ئاي جاپالىق جەڭ قى-لىش ئارقىلىق، باندىتلارنى قىستاپ تارغىنا بىر دائى-رىگە كىرگۈزدى.

قارىماققا تىپتىنچتەك كۆرۈنىدىغان شەھەردە قاي-داقتۇر مۇدھىش بوران-چاپقۇننىڭ شەپىسى سېزىلىپ تۇراتتى!

قىزىل ئارمىيە پولشاغا ھېدەپ كىرگۈزۈۋېتكەن پىتلىيۇرانىڭ قالدۇقلىرى ۋارشاۋادا تۇرۇشلۇق چەت ئەل ئەلچىلەر ئۆمەكلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

توپىلاڭ تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى جاھىل ئەكسىلئىنقىلابچىلار بولۇپ، پوپ ۋاسلى، ۋېنىك شاۋ-ۋېي ۋە پىتلىيۇرانىڭ ئوفىتسېرى كۇرمىنكولار تەشكى-لاتىنىڭ مەسئۇللىرى ئىدى.

پوپنىڭ ئىككى قىزى، ۋېنىكنىڭ ئىنىسى بىلەن دادىسى ۋە شەھەرلىك ئىجرائىيە كومىتېتىغا كىرىۋې-ئىش باشقۇرغۇچى بولۇۋالغان سامۇتىنالار ئۇلارنىڭ ئاخ-باراتچىسى ئىدى.

بۇ توپىلاڭنى قوزغاش ئۈچۈن، باندىتلار شايكىلى-رىمۇ شەھەر ئەتراپىدىكى ئورمانغا يۆتكەلدى.

جوھراي ۋە باشقا بىرنەچچە بولشېۋىك بۇ توپىلاڭنىڭ

تەپسىلاتىنى بىلىپ بولغانىدى.

جوھراي پۈتۈن كۈچىنى ئۈيۈشتۈرۈپ بۇ ۋەھشىي يىرتقۇچلارنى يوقاتماقچى بولدى.

ۋاقىت بارغانسېرى يېقىنلاپ قالدى. دۈشمەنلەر ئىشنى ئەتە كەچتە باشلاشنى قارار قىلدى.

بولشېۋىكلار بىر قەدەم ئالدىدا مېڭىپ: «بۈگۈن كەچتە قول سالايلى!» دەپ قارار قىلدى.

كەچقۇرۇنلۇقى بىر برونە پويىز گۈدۈكمۇ بەرمەي ئاستا ۋاگونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەيدانىدىن چىقتى. تېلېگراممىلار ئالدىراش نىشانغا يەتكۈزۈلۈۋاتاتتى، جۇمھۇرىيەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى دەم ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، باندىتلار ئۇۋىسىنى ۋەيران قىلىشقا تەييارلاندى.

بارلىق ئىتتىپاق ئەزالىرى يىغىلىپ، ناھايىتى مەخپىي ھالدا بەشىنچى پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىگە توپلاشتى. ھەربىر ئادەم جىمجىتلىقنى ساقلىماقتا ئىدى.

ھەممە ئىش ئۈن ـ تىنسىز ئورۇنلانماقتا.

جوھراي ئۆلكىلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئاكىم بىلەن بىللە چوڭ زالغا كەلدى.

ئاكىم ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى قىسقىچە سۆزلىدى، ئاندىن كېيىن دۈشمەنلەرنىڭ قوراللىق توپىلىڭىنى بۈگۈن كەچتىلا تارمار قىلىش ۋەزىپىسىنى ئو-

روْنلاشتۇردى.

جەڭچىلەر قاتار سەپ تارتىشىپ تۇراتتى، جوھراي دىققەتتە تۇرغان سەپكە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، جىددىي بۇيرۇق بەردى:

— يولغا چىقىڭلار!

ھەرىكەت باشلاندى.

ئۇلار ئالدى بىلەن لىۋۇ كوچىسىنىڭ تۆت كوچا ئېغىزى ئەتراپىنى قورشىۋالدى، ئۇ يەردە دۈشمەنلەرنىڭ قوماندانلىق شتابى بارئىدى.

بىرىنچى زەربە سۈيىقەستچىلەرنىڭ قوماندانلىق شتابىغا مەركەزلەشتۈرۈلدى. بىرىنچى تۈركۈمدىكى قولغا چۈشكەن ھۆججەتلەر دەرھال ئالاھىدە بۆلۈمگە ئېلىپ كېلىندى.

ئۇلار بۇ ھۆججەتلەردىن سۈيىقەستچىلەرنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىر كىشىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ قوماندانى لېتكى ئۇنى ئۆز قولى بىلەن تۇتماقچى بولدى. ئۇغلى كىچىك لېتكى ئۇنى ماشىنا بىلەن ئاپىرىپ قويىدى.

ھەممە ھەرىكەت جىددىي داۋام قىلماقتا ئىدى.

ئاخىرى توپىلاڭ ۋاقتىدا باستۇرۇلدى.

لېكىن بۇ ھەرىكەتتە جۇمھۇرىيەتمۇ ئېغىر بەدەل تۆلىدى. شەھەر مۇداپىئە قوماندانى، پېشقەدەم بولشېۋىك

يان لېتكى قۇربان بولدى.

شۇ كۈنى كېچىسى، پوپ ۋاسلى، ئۇنىڭ ئىككى قىزى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق شېرىكلىرى شىپتوپكىدا قولغا ئېلىندى.

قورقۇنچلۇق بالايىئاپەت ئۆتۈپ كەتتى.

لېكىن، يېڭى، تېخىمۇ زور بالايىئاپەت بۇ شەھەرگە يەنە تەھدىت سالماقتا، تۆمۈر يول ترانسپورتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالماقتا، ئاچلىق ۋە سوغۇق بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى.

## 2

ترانسپورت قىيىنچىلىقى مەسىلىسىنى، ئۆلكىلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىشتى، جوھراي ئىشخانىدىكى چوڭ ئۈستەلدە تۇرغان خەرىتىنى كۆرسىتىپ، كۆز ئالدىكى قىيىن ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ھازىرقى ئەھۋال توپىلاڭدىنمۇ يامان بولىۋاتىدۇ!

يولداشلار، بۇنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە، بوياركا پويىز ئىستانسىسىدىن ياغاچ كېسىش مەيدانىغىچە يېڭىدىن تۆمۈر يول سېلىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى يەتتە چاقىرىم كېلىدۇ. بۇنى يېرىم ئايدا پۈتتۈرۈپ بولۇش

شەرت.

ئۇ ئىنتايىن قەتئىيلىك بىلەن سۆزلىگەچكە گال-لىرى قۇرۇپ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغانىدى.

— بۇنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، 350 ئىشچى ۋە ئىككى ئىنژېنېر كېرەك. تەييار رېلىسلار ۋە يەتتە پاراۋوز بار. لېكىن بوياركىدا ئىشچىلارغا ياتقۇدەك يەر يوق، پەقەت بىرلا تاشلىنىپ كەتكەن ئورمانچىلىق مەكتىپى بار. ئىشچىلارنى تۆركۈمگە بۆلۈپ ئەۋەتىشكە، ئۇلارنى ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇشقا توغرا كې-لىدۇ. ئاكىم، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئە-زالىرىنى ئەۋەتسەك قانداق؟

ئالدى بىلەن سولومىنكو رايونىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ۋە شەھەردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئەۋەتەيلى.

بۇ ۋەزىپە ئىنتايىن جاپالىق، ئۇ تۆمۈر يولغا ۋە پۈتكۈل شەھەرگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك!

بىرلا بۇيرۇق بىلەن، پاۋېل ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇلار ھاياتىدىكى ئەڭ سەلتەنەتلىك ئىشنى باشلىدى.

كۈز يامغۇرى كىشىلەرنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلاتتى. توپ-توپ قارا بۇلۇتلار بوشلۇقتا ئاستا ئۈزۈپ يۈرەتتى. كەچ كۈز كېلىپ قالغاچقا، ئورماندا دەرەخلەر يالىڭاچلان-

غانىدى، كىچىككىنە ۋوگزال ئورمان ئىچىگە يوشۇرۇن-
غانىدى. يېڭى يولنىڭ ئۇلى مۇشۇ يەردىن ئورمانغا قاراپ
سوزۇلۇپ باراتتى. يولنىڭ ئەتراپىدا كىشىلەر خۇددى
چۇمۇلىلەردەك جىددىي مىدىرلاشماقتا. لاي - پاتقاقلار
ئاياغ ئاستىلىرىغا چاپلىشىۋېلىپ كىشىنىڭ ئىچىنى
سىقاتتى.

يامغۇر خۇددى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەندەك تامچى-
لاپ، توختىماي ياغماقتا ئىدى. مۇزدەك سوغۇق يامغۇر
سۇيى كىيىملەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. لېكىن
كىشىلەر ھەر كۈنى تاكى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن
ئىشتىن قايتاتتى.

يېڭى يولنىڭ ئۇلى كۈندىن - كۈنگە ئۇزىراپ،
ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرمەكتە ئىدى.

ۋوگزالغا يېقىنلا جايدا تاشتىن قوپۇرۇلغان بىر
بىنانىڭ قورۇق جازىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ
ئىچىدىكى ئېلىپ كەتكىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسىنى باندىتلار بۇلاپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت ئۆي-
نىڭ سېمونتتىن ياسالغان پولىلا قالغانىدى.

ھەر كۈنى كېچىسى تۆت يۈز ئادەم چىلىق - چى-
لىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ۋە لايغا مىلەنگەن كىيىملىرى
بىلەن مۇشۇ يەردە ياتاتتى.

بىر ئېغىز مايماق - سايماق پەنەركە ئۆي ئاشخانا

ئىدى. ئەتىگەنلىكى ھەممەيلەن چاي ئىچىپ بولۇپ ئىش ئورنىغا كېتىشەتتى، ئۇلارنىڭ ھەركۇنلۇك چۇشلۇك تا-مىقى قورۇق سۇدا پىشۇرۇلغان يىسىسى پۇرچاق بىلەن بىر يېرىم قاداق قارا بولكا بولۇپ، تولىمۇ ئاددىي ئىدى. شەھەر ئۇلارنى پەقەت مۇشۇنچىلىك يېمەكلىك بىلەنلا تەمىنلىيەلەيتتى.

ئېگىز بوي، ئورۇق ۋە ياشىنىپ قالغان ۋالىرئان نىكودېموۋىچ پاتوشكىن ئۇلارنىڭ تېخنىكى ئىدى. پاكار، سېمىز كەلگەن ۋاكولىنكو ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئىدى.

توكارېۋمۇ كېلىپ، خولېۋانىڭ ئۆيىدە تۇردى.

قورۇلۇش ئەترىتىدىكىلەر قاتمۇقات قىيىنچىلىق-لارنى ئاجايىپ جاسارەت بىلەن يەڭمەكتە ئىدى.

قىيىنچىلىقلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تۇغۇلۇپ تۇردى: شىپال تۈگەپ كەتتى، كىچىك پاراۋوزلارنى چوڭ رېمونت قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەرنىڭ ئالمىشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. لېكىن كېلىدىغانلارنىڭ تېخى دېرىكى يوق ئىدى، بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئىشچىلار بولسا ھې-رىپ ھالىدىن كەتكەنىدى.

مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، توكارېۋ، دۇباۋا، كى-لاۋچىكلارنى شەھەرگە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ئەۋەتىش قارار قىلىندى.

يامغۇر تېخىچە توختىماي ياغماقتا ئىدى.

پاۋېل يېپىشقاق پاتقاقتىن پۇتىنى خېلى تەستە تارتىۋالدى. ئۇنىڭ ئۆتىكىنىڭ چەمى چىرىپ كەتكەچكە، تاپىنىدىن ئۆتكەن سوغۇق جان جېنىغا بېرىپ تەگمەكتە ئىدى.

مانا ئەمدى ئوبدان بولدى. ئۆتۈكىنىڭ بىر پېيىنىڭ چەمى پۇتۇنلەي چۈشۈپ قېلىپ مۇزدەك لاينى يالاڭ ئايىغى بىلەن دەسسەشكە توغرا كەلدى، بۇ ھالدا قانداق ئىشلىگىلى بولىدۇ؟

ئۇ ئۆتۈكىنىڭ چەمىنى پاتقاقتىن ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۈمىدسىز ئۇزگەن ھالدا قارىدى ـ دە، ئىككىنچى تىللىماسلىققا قىلغان قەسىمىنى يەنە بۇزدى. ئۇ ئاشخانىغا بېرىپ، ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ، لاي بولۇپ كەتكەن پايتىمىسىنى يايدى ۋە مۇزلاپ كەتكەن پۇتىنى ئوچاققا سۇندى.

يول ئاسرىغۇچىنىڭ خوتۇنى ئۇداركا ئاشخانىدا ياردەمچى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى، ئۇ پاۋېلغا قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ چىشىغا تەگدى:

ــ بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىڭ؟ تاماقنى ساقلاۋاتامسەن؟ بالدۇر كېلىپ قاپسەن، يىگىت، ھۇرۇنلۇق قىلىپ قېچىپ كەلگەنسەن ھەقىچان؟ پۇتۇڭنى نەگە تىقىۋاتىسەن؟ بۇ مۇنچا ئەمەس، ئاشخانا.

— ئۆتۈكۈمنىڭ چەمى ئاجراپ كەتتى، — دېدى پاۋېل ئۆزىنى ئاقلاپ.

ئۇدارىكا ئۆتۈككە سىنچىلاپ قاراپ:

— مەن سېنى ئىشتىن قېچىپ كەلگەن ھۆرۈن چېغى دەپتىمەن، — دېدى سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ، — بۇ ئاياغنىڭ يامىغۇچىلىكى قالماپتۇ. مەن بىر كونا كالاچ بېرەي، بولمىسا پۇتۇڭ ئۈششۈپ قالىدۇ. ھەي... بۇنچىۋالا ئازاب چەككەن بارمۇ! ئەتە ئۆگۈن ئۈششۈك چۈشسە، بۇ ھالدا پۇتىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن؟

ئۇ ئىچى ئاغرىپ، قىڭغىراقنى تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى ـ دە، بىر پەستىن كېيىن ئۇ يەكپاي كالاچ بىلەن بىر پارچە قېلىن ئىلىپ كەلدى.

پاۋېل ئىسسىغان پۇتىغا ھېلىقى قېلىن لاتىنى ئوراپ، كالاچنى كىيىۋېلىپ، يول ئاسرىغۇچىنىڭ خوتۇنىغا مىننەتدارلىق بىلەن قارىدى.

توكارېفلار بىرمۇنچە قورساق كۆپۈكى بىلەن قايتىپ كەلدى.

ئۇ كۆپچىلىككە كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرنى يەتكۈزدى.

— نەگىلا بارساڭ ئىشقا سۈس قاراش! ھازىر ئەھۋال ئىنتايىن چاتاق! ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەر تېخىچە يىغىلىپ بولالماپتۇ، ئۇزاققا قالماي يەر توڭلايدۇ، يەر توڭلىغىچە جىنىمىز چىقىپ كەتسىمۇ يولنى پاتقاقلىقتىن

ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، يەر تونۇلاپ كەتسە چىشىمىز بىلەن غاجاپمۇ بىرنېمە قىلالمايمىز! بىز ھەرگىز بوششمايلى، غەيرەت قىلىپ ئىشلەيلى! قانداقلا بولمىسۇن، جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ يولنى پۈتتۈرۈشىمىز كېرەك...، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ ئاۋازى ئادەتتىكىدەك بوغۇق، پەس ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك، جاراڭلىق چىقاتتى.

— بىز بۈگۈن پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى يىغىنى ئۆتكۈزىمىز، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزاسى ئەمەسلەر ئەتە كەتسە بولىدۇ، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى قالىمىز. مانا بۇ ئۆلكىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ قارارى، — دېدى ئۇ ۋە تۆت قاتلانغان بىرپارچە قەغەزنى پادىكىراتوفقا بەردى.

قارواردا مۇنداق يېزىلغانىدى:

*«ئىتتىپاق كومىتېتى مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: بارلىق كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى دائىملىق ئىش ئورنىدا قېلىپ، بىرىنچى قېتىملىق ئوتۇن توشۇلۇشقا باشلىغاندا ئاندىن ئالمىشىدۇ.*

*كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ مۇۋەپپەقەت شۇجىسى*

*رىتا ئوستىنوۋىچ»   (ئىمزا)*

ئىلگىرىدا، بىرنەپەر پۈرسەتپەرەس ئىش ئورنىدىن كەتكەندىن سىرت، قالغانلار يەنىلا بۇ يەردە قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئورلىك باندىتلىرى يول ياساۋاتقان ئورۇنغا ھۇجۇم قىلدى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، جوھراي بىلەن ئاكىم كەلدى، ئۇلار بىر پىلىموت بىلەن بىرنەچچە ساندۇق ئوق ۋە يەنە يىگىرمە مىلتىق ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئۇلار ئالدىراپ ئىش ئورنىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئۇقتى.

— باندىتلارنىڭ ھۇجۇمى ئىككىنچى مەسىلە. ھازىر بىر دۆڭنىڭ يولنى توسۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى باشنى قاتۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى توكارېپ ۋە گېپى تۈگىمەستىنلا توختاپ قالدى، — قاراڭلار! مەسىلىنىڭ قىيىنلىقى مانا شۇ يەردە. پاتۇشكىن ئىككىمىزلا ئېنىق بىلىمىزكى، ئىشنى ۋاقتىدا پۈتتۈرۈش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. بىراق ھەممەيلەن بۇ يولنى پۈتتۈرمەيمۇ بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۆزۈڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئىككى ئاي بولدى، تۆتىنچى قېتىم ئالمىشىدىغان ۋاقىتمۇ توشۇپ قالدى، لېكىن ئاساسىي ئەزالار تېخى ئالماشقىنى يوق، يولداشلار ياشلىقىغا ئېلىپلا ئىشلەۋاتىدۇ، دېمىسىمۇ بۇنداق جاپالىق ئەمگەكنى ياشلارلا داۋاملاشتۇرالايدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۇلارنىڭ يېرىمىغا سوغۇق ئۆتۈپ كەتتى. شۇ

يىگىتلەرگە قارىساڭ ئىچىڭ سىيرىلىدۇ... بىرمۇنچە كىشىلەر مۇشۇ يەردە جېنىدىن جۇدا بولىدىغاندەك قى-لىدۇ.

يويىز ئىستانسىسىدىن تارتىپ بىر كىلومېتىرچە كېلىدىغان ئارىلىقتا تۆمۈر يول ياسىلىپ بولدى. ئۇنىڭ نېرىسىدا بىر يېرىم كىلومېتىرچە كېلىدىغان جايغا شىپال ياتقۇزۇلۇپ بولدى. ئۇنىڭدىنمۇ نېرىدا، ھېلىقى دۆڭنىڭ يېنىغىچە تۇزلەنگەن يول سوزۇلۇپ ياتاتتى.

بۇ يەردە پانكىرتوپنىڭ بىرىنچى قۇرۇلۇش ئەترە-تىدىكى قىرىق كىشى شىپال قويۇۋاتاتتى.

ياشىنىپ قالغان ئۇزۇن ساقاللىق بىر كىشى شىپال ياتقۇزۇلۇشقا ئىنچىكىلىك بىلەن قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ 54 ياشلىق ئىشچى لاگۇتىن ئىدى. ئۇ بۇ يەردە شىپال ياتقۇزۇش تېخنىكىسىنى بىلىدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى. ئۇ ھەر قېتىمقى ئادەم ئالماش-تۇرۇشتا ئۆز ئىختىيارى بىلەن قالاتتى. مانا ھازىر تۆ-تىنچى قېتىم ئالماشقانلار بىلەن بىللە ئىشلەۋاتاتتى. شۇڭا بۇ پارتىيىسىز كىشىگە ھەممىيلەن ھۆرمەت قى-لاتتى.

— ئۆزۈڭلار دەپ بېقىڭلارچۇ، مەن قانداقمۇ سى-لەرنى تاشلاپ كېتەلەيمەن؟ مەن كەتسەم شىپالارنى بۇزۇپ قويىسىلەر. بۇ يەردە مېنىڭدەك ئىشقا كۆزى

پىشقان ۋە تەجرىبىلىك ئادەم بولۇشى كېرەك...، — دەيتتى ئۇ ھەرقېتىم ئادەم ئالمىشىدىغان چاغدا مۇلا-يىملىق بىلەن ئۆزىنىڭ قېيقىلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈ-شەندۈرۈپ.

جوھرايىلار ئىشلەۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئاكىم پانكىراتوپنى ئارانلا تونۇدى. ئۇ ئوبدانلا جۈدەپ، ياڭاق سۆڭەكلىرى چوقچىيىپ چىقىپ قالغانىدى.

— ئۇھۇ، ئۆلكىنىڭ كاتتىلىرى كېلىپ قاپتى-غۇ! — دېدى پانكىراتوپ ئىسسىق ۋە لاي قولىنى ئا-كىمغا سۇنۇپ.

ئىشچىلار ئىشتىن توختىدى. ئاكىم ئەتراپتىكى چىرايى تاتىرىپ، جۈدەپ كەتكەن كىشىلەرگە قارىدى.

جوھرايىلار بوياركا پويىز ئىستانسىسىدىن تۆت يې-رىم كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھېلىقى دۆڭگە باردى. يول ياسىغۇچىلار قاتتىق تىرىشىپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلار يولنى توراپ تۇرۇۋاتقان دۆڭنى يېرىپ يول ئالماقتا ئىدى.

پاتوشكىن خاتىرە دەپتىرىگە رەقەملەرنى يازماقتا ئىدى. ئىش ئورنىدا يالغۇز شۇلا قۇرۇلۇش تېخنىكى ئىدى، يەنە بىرى باندىتلارنىڭ قولىدا ئۆلگەندىن كۆرە قانۇن ئالدىدا جاۋاب بېرىشنى ئەۋزەل كۆرۈپ، بورۇنلا شەھەرگە تىكىۋەتكەنىدى.

بىردەمدىن كېيىن، پاتوشكىن ئالدىدا تۇرغان خو-

موتوفقا بۇرۇلۇپ پىچىرلىدى:

— يېرىم ئاي ۋاقىت ئىچىدىلا بىز بۇ دۆڭنى يې-رىپ ئۆتۈپ بولۇشىمىز كېرەك، يەر ئاللىقاچان توڭلاپ كەتتى.

خوموتوف بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقلاندى:

— بەلگىلەنگەن سۇرۇككە 25 كۈن قالغان تۇرسا، بۇ دۆڭنى يېرىشقىلا يېرىم ئاي كەتسە، خاتا ھېسابلاۋات-مىغانسىز؟

— مەن ئۆز ئۆمرۈمدە بۇنداق شارائىتتا يول ياساپ باقمىغان، بۇنداق ئادەملەر بىلەنمۇ يول ياساپ باقمىغان! ئېھتىمال خاتا مۆلچەرلەپ قويغان بولۇشۇم مۇمكىن، ئىلگىرىمۇ ئىككى قېتىم خاتا قىلغانمەن، — دەپ جاۋاب بەردى پاتوشكىن.

بۇ چاغدا جوھرايلار ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. دۆڭ-نىڭ يانباغرىدا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئۇلارغا كۆزى چۈشتى.

پاۋېل پەسكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. جوھراي باشقىلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقراق قول سىقى-شىپ كۆرۈشتى.

جوھراي بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ پارقىراپ تۇرغان گۈرجەكلەرگە، ئېگىشىپ ئىشلەۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ، ئاكىمغا ئاستا پىچىرلىدى:

— ئاممىۋى يىغىن ئاچمايلى، بۇ يىگىتلەرنى سە-

پەرۋەر قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. توكارىيف توغرا دەيدۇ؛ ئۇلارغا قارىسا راستتىنلا ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدىكەن. ياشلىق دېگەن بىباھا گۆھەر ئەمەسمۇ؟ پولات مانا مۇشۇنداق تاۋلىنىدۇ ـ دە!

ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاپىرىن ئوقۇش، كۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن تولدى.

مانا مۇشۇ يىگىتلەر، تېخى يېقىندىلا، ئەكسىلئىنقىلاۋىي توپىلاڭنىڭ ھارپىسىدا، مىلتىق تۇتۇپ جەڭگە قاتناشقانىدى. مانا ئەمدى ئۇلار ئورتاق ئارزۇنى قەلبىگە پۈكۈپ، پولات رېلىسنى — پولاتتىن ياسالغان قان تومۇرنى ياغاچ ماتېرىياللىرى مەنبەسىگە يەنى ئىسسىقلىق ۋە ھاياتنىڭ بۇلىقىغا يەتكۈزۈشكە باتۇرلۇق بىلەن تىرىشماقتا.

جوھراي دۆڭگە بىر قارىۋېتىپ ئاخىر بىر چارە تاپتى: جوھراي ھەربىي رايونغا بىر تۈەن ئادەم ئەۋەتىپ، باندىتلارنى يوقىتىشنى بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر برونە پويىز بىلەن بىرنەچچە پارتلاتقۇچنى ئەۋەتىش توغرىسىدا تېلېفون بەردى. ئاندىن كېيىن يول ياسىغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇردى.

يىغىندا جوھراي سۆز قىلدى:

— ھازىردىن تارتىپ بىز ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ھالەتكە ئۆتىمىز. پارتىيە ئەزالىرىدىن بىر ئالاھىدە ئوتتۇرا

ئەترەت تەشكىللىنىدۇ، بۇ ئۇتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقلىـقىنى دۇباۋا ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. يول ياسىغۇچى ئالتە ئەترەتنىڭ ھەربىرى بىر بۆلەك جاينى ھۆددىگە ئالىدۇ، پۈتكۈل قۇرۇلۇشنى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن پۈتتۈرۈش لازىم.

ھەرقايسى ئەترەتلەرنىڭ باشلىقلىرى تەيىنلەندى: بىرىنچى ئەترەتكە پانكۇاتوف، ئىككىنچى ئەترەتكە دۇباۋا، ئۈچىنچى ئەترەتكە خومۇتوف، تۆتىنچى ئەترەتكە لاگۇتىن، بەشىنچى ئەترەتكە كورچاگىن، ئالتىنچى ئەترەتكە ئوكونېپ تەيىنلەندى. قۇرۇلۇشقا توكارېپ ئومۇمىي جەھەتتىن مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، قىسىمدىكىلەر كەلگەندە، ھېلىقى دۆڭ بىردەمدىلا پارتىلىتىپ تۇپتۈز قىلىۋېتىلدى.

جوھراي كەتكەندىن كېيىن، ئەترەتلەر ئارا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەھەر ئىچىدىكىلەرمۇ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىپ، رايونلۇق كومىتېتتىكىلەرنى ئەۋەتتى، تۆمۈر يول تېخنىكومىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەۋەتتى. يېڭى خادىملار بوياركىغا ئۈزلۈكسىز كېلىپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلەشتى.

مانا مۇشۇ جاپالىق يول قۇرۇلۇشى مەيدانىدا پاۋېل

تاسادىپىيلا تونە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

ئەھۋال مۇنداق بولغانىدى: بىر پويىزنىڭ يېقىل-غۇسى يېتىشمەي، پاۋېللار ئىشلەۋاتقان ئىستانسىدا توختاپ قالدى. نەتىجىدە پويىز خادىملىرى پويىز ئىس-تانسىسى دائىرىلىرى بىلەن كېلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئوتۇ-نىنى ئىشلىتىدىغان، لېكىن ئۇنىڭ بەدىلىگە پويىزدىكى ھەممە ئادەم چۈشۈپ يولدىكى قارنى تازىلاپ بېرىدىغان بولدى.

شۇنىڭ بىلەن پويىزدىكى نەچچە يۈز يولۇچى پو-يىزدىن چۈشتى، ئۇلاردىن يۈز كىشى پاۋېلنىڭ ئىشقا سېلىشىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

پاۋېل بېشىغا دېگىز ئىتنىڭ تېرىسىدىن تىكىل-گەن تۇماق كىيگەن بىر ئايالنىڭ يېنىغا كەلگەندە تې-ڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى بۇ ئايال دەل تونە ئىدى!

جۇل - جۇل كىيىم كىيىۋالغان بۇ ئادەمنىڭ پاۋېل ئىكەنلىكىنى ئۇمۇ تەسلىكتە تونۇدى!

بۇ چاغدا پاۋېلنىڭ ئۇچىسىدا جۇل - جۇل كىيىم، پۇتلىرىدا يەكپاي ئاياغ، بويىنىدا كىرلىشىپ كەتكەن لۆڭگە ئوراقلىق بولۇپ، يۈزلىرىمۇ ئۇزاقتىن بۇيان يۇ-يۇلمىغانىدى.

پەقەت ئۇنىڭ كۆزلىرىلا ئىلگىرىدەك چاقناپ تۇ-راتتى.

جاھان نە قەدەر ئۆزگەرگەن ـ ھە!

تونە يېقىندا توي قىلغانىدى، ئەمدى ئېرى بىلەن بىللە بىر چوڭ شەھەرگە كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېرى ئۇ يەردىكى تۆمۈر يول باشقۇرۇش ئىدارىسىدە مۇھىم خىزمەتتە ئىدى. بالىلىق دەۋرىدىكى سۆيۈملۈكى بىلەن مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇچرىشىپ قېلىشنى پۈتۈنلەي ئويلاپ باقمىغانىدى!

ئۇ راستىنلا پاۋېلغا قول بېرىشكىمۇ خىجىل بولدى. پاۋېلنىڭ بۇنچىۋالا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. قارىغاندا بۇ ياش ئوت ياقار شۇ كەمگىچە توپا قېزىشتىن باشقا چوڭراق ئىش قىلالماپتۇ.

تونە ئىككى مەڭرى چوغدەك قىزىرىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

كەچقۇرۇن كىشىلەر ئىشتىن چۈشۈپ، ئىستانسىغا قايتىشتى.

تونە پاۋېل بىلەن ھەممىنىڭ كەينىدە ماڭدى.

پاۋلۇشا، ياخشىمۇسەن؟ — دېدى تونە ئۇنىڭ بىلەن قاتار مېڭىپ، — راستىنى ئېيتسام، سېنىڭ بۇنداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىڭنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن. ساڭا ھۆكۈمەتتە توپا قېزىشتىن ياخشىراق ئىش تېپىلمىدىمۇ؟ مەن سېنى ئاللىقاچان بىرەر كومىسسار ياكى كومىسسارغا

ئوخشاش باشلىق بولغانلىقىنى دېمەيدىغان. تۇرمۇشۇڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئېچىنىشلىق...

پاۋېل توختاپ قالدى، ئۇ تونەگە ھەيران بولۇپ قاراپ:

— مەنمۇ سېنى بۇنچىۋالا... تېتىقسىزلىشىپ كېتەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدى.

تونە قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— قوپاللىقىڭنى تېخىچە تاشلىماپسەن - دە! — دې-دى.

پاۋېل چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ نېرىراق بېرىپ:

— يوقسۇ، يولداش تومانوۋ، راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ قوپاللىقىم سېنىڭ ئەدەپلىكلىكىڭدىن يۈز ھەسسە ياخشى! مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىن غەم قىلمىساڭمۇ بولىدۇ. مېنىڭ تۇرمۇشۇم ناھايىتى جايىدا. شۇغىنىسى، سېنىڭ تۇرمۇشۇڭ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ بەت-تەررەك ئىكەن! ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا خېلى ياخشى ئىدىڭ، ئۇ چاغدا ئەقەللىيسى بىرەر ئىشچىغا قول بې-رىشكە جۈرئەت قىلالايتتىڭ. ئەمدىچۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭ-دىن نافتالىن پۇراپ تۇرىدۇ. راستىنى ئېيتسام، ئىك-كىمىز ئوتتۇرىسىدا ئەمدى قىلىشقۇدەك بىرەر يېرىم ئېغىز ئورتاق گېپىمىزمۇ قالماپتۇ، — دېدى - دە، يوغان قەدەم تاشلاپ كېتىپ قالدى.

12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يول قۇرۇلۇشى ئەترى‌تىدە كىزىك پەيدا بولۇپ، ئىشچىلار كەينى ـ كەينىدىن ئاغرىپ يېتىپ قالدى.

كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلغان ئوتونغا ئېرىشىشكە ئازلا قالغاندى، لېكىن يولنىڭ ياسىلىش سۈرئىتى بىردىنلا ئاستىلاپ قالدى. كىزىك دەستىدىن ھەركۈنى ئون نەچچە كىشى سەپتىن چىقىپ، شەھەرگە داۋالاشقا ئەۋەتىلەتتى.

بۇ چاغدا باندىتلارمۇ كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ، ئىش ئورنىغا ئېغىر زىيان سالدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا كىلاۋچىك چېپىپ ئۆلتۈرۈلدى، قۇرۇلۇشنىڭ باش مەسئۇلىمۇ ئېغىر يارىلاندى.

رىتانىڭ خاتىرىسىگە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

*«12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.*

*توكارىېپ ۋە باشقا يارىدارلار ئېلىپ كېلىنىپ، دوختۇرخانىغا جايلاشتۇرۇلدى. توكارىېپ تېخىچىلا ھۇشسىز ياتىدۇ.*

*پارتكوم بىلەن بىز بوياركىدىن كەلگەن تېلېگ‌راممىنى تاپشۇرۇۋالدۇق، ئۇنىڭدا:*

*«باندىتلارنىڭ ھۇجۇمىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، بىز يىغىنغا قاتناشقان يېنىك تۆمۈريول قۇرۇلۇشچىلىرى*

«سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوغدايلى، نامىلىق بىرونە پو-يىزنىڭ ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمەنىنىڭ بارلىق كوماندىر-جەڭچىلىرى بىلەن بىللە، سىلەرگە كاپالەت بېرىمىزكى، بىز بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن بۇرۇن ئوتۇننى شەھەرگە يەتكۈزۈپ بېرىمىز. بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن بارلىق جاپامۇشەققەتلەرنى يېڭىپ ۋەزىپىنى تاماملاشقا بەل باغلىدۇق! يىغىن رەئىسى كورچاگىن، خاتىرىلىگۈچى بېرزىن.» دەپ يېزىلغانىدى.

پاۋېلغىمۇ كىزىك يۇقۇپ، ئاخىر ئىش ئورنىدا يىقىلدى.

دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولدى:

«كېزىك ھەم ئېغىر ئۆپكە ياللۇغى بىلەن ئاغرىغان. تېمپېراتۇرىسى 41.5° . رېماتىزم بىلەن بوينىدىكى غەلۋىرەك ھېچقانچە گەپ ئەمەس. پەقەت ئۆپكە ياللۇغى بىلەن كىزىكنىڭ ئۆزىلا ئۇنى ئۇ دۇنياغا ئۇزۇتالايدۇ.»

پانكىراتوف بىلەن دۇباۋالار پاۋېلنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇشقا تىرىشتى. ئۇلار پاۋېلنى شىپتوپكاغا ئېلىپ كېتىشنى ئۇنىڭ يۇرتىدىشى ئالىيوشقا كوخانىسكىغا تاپشۇردى.

خولېۋا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان دوستلىرىغا تېلېفون بېرىپ،

ئۆلاردىن پاۋېلغا ئوبدان قاراشنى تەلەپ قىلدى.

پويىز تۆمۈر يول ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بـ
ئىستانسىغا كەلگەندە، ۋاگوندىن ئاق سىرىق چاچلـ
بىر ياشنىڭ جەسىتى چۈشۈرۈلدى.

ئىستانسىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئۇنى پاۋېل د
ئويلاپ، ئىش ئورنىغا تېلېفون بېرىشتى.

بويارکىدىن يەنە ئۆلکىلىك کومىتېتقا قىسقىچ
تېلېگراممىا بېرىلىپ، پاۋېلنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى مـەلـ
قىلىندى.

قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ۋاقتىدا تاماملىنىپ، تەبرد
لەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇنىڭغا رىتا قاتناشقانىدى.
پاۋېلنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇردى.
پاۋېلنىڭ ئۆلۈمىدىن ئۆزىنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغان ھ
قىقىي مۇھەببەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ قاتتىق يىغلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، تەشكىل رىتانى ئۇكرائىنا كومـ
نىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتـ
ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇردى.

3

كىزىك پاۋېلنى ھالاك قىلالمىدى.

پاۋېل تۆتىنچى قېتىم ئۆلۈم ئۇستىدىن باتۇرلـ

ـەن غالىب كەلدى.

پاۋېل كارىۋاتتا تونۇتوغرا بىر ئاي ياتتى! قىش
تىپ باھار يېتىپ كەلدى. پاۋېلنىڭ سالامەتلىكى
تا - ئاستا ئەسلىگە كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ بەدىنىدە
قا كېسەل يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى. بىر كۈنى، ئۇ باغدا
بلە قىلىپ يۈرگىنىدە، ئۇشتۇمتۇت ئومۇرتقا سۆڭىكى
تىق ئاغرىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئەتىسى دوختۇر تەك-
رۈپ كۆرۈپ ئۇنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكىدە بىر چوڭقۇر
ماننىڭ بارلىقىنى بايقىدى.

بۇ پاۋېلغا رونو شەھىرىدىكى جەڭدىن قېپقالغان
سەللىك ئىدى، مانا بۇنىڭ تۇنۇگۇن تۇنجى قېتىم
رىشى ئىدى.

دوختۇر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى ھەم ئۇنىڭدىن
سىرىدى. چۈنكى بۇ ياخشى ئالامەت ئەمەس ئىدى.

بىر كۈنى، پاۋېل ئارتيومنى يوقلاپ باردى، ئۇ توي
لغان بولۇپ، ھال - ئوقىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى
رۇنۇپ تۇراتتى. پاۋېل بىردەم تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.
خىيال بىلەن كېتىپ باراتتى. يۈرتنىڭ ھەممە نې-
سى ئۇنىڭغا يېقىملىق تۇيۇلاتتى.

ئۇ ئورمانلىققا كەلدى. ھېلىقى ۋالە دارغا ئېسىل-
ن جايدا بىردەم سۆكۈتتە تۇردى، ئاندىن قۇربانلار
رىستانلىقىغا چىقتى.

قەبرىلەرگە ئارچا شاخلىرىدىن قىلىنغان گۈلچەمبىرەكلەر قويۇلغان بولۇپ، جىمجىت ھەم سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

بۇ يەر بۇ كىچىك شەھەرنىڭ چېتى ئىدى، يارنىڭ ئۈستىدە ئېگىز ئۆسكەن قارىغايلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ساينىڭ يانباغرى ياپيېشىل ئوت چۆپلەر بىلەن پۈركەلگەنىدى.

ئويغانغان زېمىندىن كۈچلۈك باھار ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

مانا مۇشۇ يەردە ئىنقىلابىي قۇربانلار مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ياتاتتى... ئۇلار پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن قۇربان بولدى؛ ئۇلار ئۆز ھاياتى بەدىلىگە خەلققە بەخت كەلتۈردى...

پاۋېل شەپكىسىنى ئاستا بېشىدىن ئالدى. ئۇنىڭ قەلبىنى چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتىغا تولدى....

ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھايات. ئۇ ئادەمگە بىر قېتىملا كېلىدۇ. ئادەم ئۆز ھاياتىنى شۇنداق ئۆتكۈزۈش كېرەككى، ئۆتكەن ھاياتىنى ئەسلىگەندە، يىللار مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ، دەپ ئېچىنمايدىغان بولسۇن؛ تۇرمۇشتا چاكىنا ئىشلارنى قىلىپ قويۇپتىمەن، دەپ خىجىل بولمايدىغان بولسۇن؛ ئۆلۈش

ئالدىدا، ئۇ: «مەن پۈتكۈل ھاياتىمنى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىمنى دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغۋار ئىشقا — ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى يولىدىكى كۈرەشكە بېغىشلىدىم» دېيەلىسۇن.

ئادەم ھەربىر مىنۇتنى قولدىن بەرمەي، مۇكەممەل كۈن كەچۈرۈشى كېرەك، چۈنكى كۈتۈلمىگەن بىرەر كېسەل ياكى پاجىئەلىك بىرەر ھادىسە ھاياتنى ئۈشتۈمتۇت توختىتىپ قويۇشى مۇمكىن.

پاۋېل شۇ خىياللار بىلەن قۇربانلار قەبرىستانلىقىدىن كەتتى.

پاۋېل سۆيۈملۈك ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، ئۆلكىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا قايتتى.

ئۇنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ، ئىتتىپاق ئەزالىقىنى بىكار قىلىشقانىدى. لېكىن ئۇ ئۆلمىدى. ئۇ شۇجى نېژدانوفنىڭ ياردىمى بىلەن، قايتىدىن ئىشقا كىرىشتى.

ئۇ ئۆزى كەتكەندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى ئۇقتى، جوھراي يۆتكىلىپ كېتىپتۇ، رىتامۇ كېتىپتۇ، پانكىراتوف، ئوكونېف، ئولگا يولىنىۋالار بار ئىدى. پاۋېل يەنە چوڭ كوللېكتىپ تۇرمۇشقا قايتىپ كەلدى.

سولومېنكودا رايونلۇق كومىتېتنىڭ شۇجىسى تۆمۈريول ئىشچىلار كۇلۇبىنىڭ يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، پاۋېل كورچاگىننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى.

يىغىندا پاۋېل سۆز قىلدى:

— قەدىرلىك يولداشلار! دوستلار! مەن يەنە سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا قايتىپ كەلدىم، بىز ئەمدى بىرلىكتە جەڭ قىلىدىغان بولدۇق! مەن بىرمۇنچە قەدىناس دوستلىرىمنى كۆردۇم، بىزنىڭ سولومىنكو رايونىمىزدا يېڭى ئىتتىپاق ئەزالىرى ئۈچتىن بىر ھەسسە كۆپىيىپتۇ... بۇ دۇنيادا ياشىغان ئىكەنمىز، نى - نى ئىشلارنى قىلالايمىز، مۇشۇنداقمۇ چاغدا مەن قانداقمۇ ئۆلۈپ كېتەي؟

پاۋېلنىڭ كۆزلىرىدىن ھاياجانلىق نۇرلىرى چاقناپ، چىرايىدا بەخت كۈلكىسى جىلۋىلەندى.

رايونلۇق كومىتېتنىڭ شۇجىسى توكارېپ كەلدى، ئۇ پاۋېلنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولدى.

يىغىندىكى 80% كىشى پاۋېلنىڭ كونا دوستلىرى ئىدى، پاۋېلنىڭ سۆزىدىن كېيىن پۈتۈن مەيداندا ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

شۇ پەردە ئولتۇرغان ناله بىلەن ئاننارلار تېخىمۇ خۇشاللىقتا چۆمۈپ، پاۋېلنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

كۈنلەر ئۇچقاندەك تېز ئۆتمەكتە ئىدى.

پاۋېل زاۋۇتتا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىمىدى، بەلكى سېختا توك ئىشچىسىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلىدى.

زاۋۇتتىكى سېختا، پاۋېل كۆپچىلىكنى باشلاپ،

چولڭ تازىلىق قىلىپ، زاۋۇتنىڭ ئىچىنى تازىلاپ، ماشىنىلارنى سىرلاپ، بىرھەپتە ئىچىدە سېخنى يېپيېڭى تۇسكە كىرگۈزۈۋەتتى. بۇنى كۆرگەن زاۋۇتنىڭ باش ئىنژېنېرى ستىرىژ بىلەن زاۋۇت ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى سوۋېتايېف ھەيران قالدى.

ئىتتىپاق شۇجىسى شۇېتايېف پاۋېل مېنىڭ ئورنۇمنى تارتىۋالدۇ، دەپ ئۇنىڭدىن گۇمان قىلاتتى. لېكىن ئۆزى بولسا زاۋۇتقا كېلىپلا ھەممە ھوقۇقنى قولغا ئېلىۋېلىپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلدى. ئۇنىڭ ھەممىگە چات كېرىۋالغۇسى كېلەتتىيۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالمايتتى.

زاۋۇتتا قارىماققا ئانچە ئېغىر ئەمەستەك كۆرۈنگەن بىر ئىش يۈز بەردى. لېكىن ئۇ پۈتكۈل كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلىنىڭ بىر خىللا كېتىۋاتقان تىنچلىقىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى فېدىن ئىشلەۋېتىپ، قىممەت باھالىق بىر بۇرغىنى سۇندۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن سېخ مۇدىرى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ ئۇنى ئىشتىن بوشىتىشنى تەلەپ قىلدى، چۈنكى بۇ ئىش مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققانىدى.

پاۋېل فېدىننى ئىتتىپاقتىن چىقىرىۋېتىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى، سۇېتايېف بولسا ھەممىلا ئىشتا

پاۋېل بىلەن قارشىلىشىپ، قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ پاۋېلنى باسماقچى بولدى.

پاۋېل ئەستائىدىل ئويلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئويى ۋە تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— فېدىنىنىڭ ئىشى پەقەت بىر سىگنالدىنلا ئىبارەت، خالاس، ئاساسىي مەسىلە تېخى فېدىنىنىڭ مەسىلىسىلا ئەمەس. تۈنۈگۈن مەن بىرنەچچە رەقەمنى تويلىدىم، — ئۇ يانچۇقىدىن بىر خاتىرە دەپتەرنى ئالدى، — مەن بۇ رەقەملەرنى يوقلىما قىلغۇچىدىن ئالدىم، دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار: ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ 23 پىرسەنتى ئىشقا بەش مىنۇتتىن ئون بەش مىنۇتقىچە كېچىكىدىكەن. ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ يەتمىش پىرسەنتى ھەرئايدا بىر كۈندىن ئىككى كۈنگىچە ئىشقا كەلمەيدىكەن. ئىتتىپاق سىرتىدىكى ياشلاردىن سەۋەبسىز ئىشقا كەلمەيدىغانلار پەقەت 14 پىرسەنتتىنلا تەشكىل قىلىدىكەن.

بۇ رەقەملەر ھەممە نېمىدىن يامان. مەن يەنە مۇنداق رەقەملەرنىمۇ يېزىۋالدىم: پارتىيە ئەزالىرىدىن ھەرئايدا ئىشقا بىركۈندىن سەۋەبسىز كەلمەيدىغانلار تۆت پىرسەنتنى، ئىشقا كېچىكىپ كېلىدىغانلارمۇ تۆت پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىكەن... بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ئىشتا پارتىيە

ئەزالىرى بىلەن پارتىيە سىرتىدىكى ئوتتۇرا ياشلىقلارغا يېتەلمەيدىكەن!

بۇ ئىنتىزام جەھەتتىكى چوڭ ئىللەت. مەن فېدىننى ئىتتىپاقتىن چىقىرىشنى تەكلىپ قىلىمەن. ئۇنىڭ ئىشىنى تام گېزىتكە چىقىرىش، شۇنداقلا بۇ رەقەملەرنىمۇ ئېلان قىلىش كېرەك... ئىشچىلاردىن 60 كىشى تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان، مانا بۇلار ئىشەنچلىك كۈچ، قۇدرەتلىك ئارقا تىرەك. بىز چوقۇم يۇقىرىدىكىدەك ئەھۋالنى تۈپتىن ياخشىلىشىمىز كېرەك.

ئادەتتە ئېغىر بېسىق پاۋېل بۈگۈن ئۆزىنى تۇتالماي سۆزلەپ كەتتى.

ئاخىر پارتكومنىڭ تەستىقى بىلەن، فېدىن ئىتتىپاقتىن چىقىرىلدى، ئىنتىزام يېگىۋاشتىن بەلگىلەندى، سۆېتايېف قاتتىق تەنقىد قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە پاۋېل ئىتتىپاق كومىتېتى سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا تەيىنلەندى.

ھەقىقىي كۆڭۈللۈك تۇرمۇش پاۋېلغا ھەمراھ بولماقتا ئىدى.

## 4

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى.

پارتكوم ئىشخانىسى جىمجىت بولۇپ، كىشىلەر ئاللىبۇرۇن كېتىشكەنىدى. يالغۇز توكارېفلا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ يېڭى ھۆججەتلەرنى كۆرۈۋاتاتتى.

سىرتتا بىرى ئىشىكنى چەكتى.

— كىرىڭ! — دەپ ئىجازەت بەردى توكارېف.

پاۋېل كىرىپ كەلدى. ئۇ تولدۇرۇپ بولغان ئىككى پارچە ئانكېتىنى توكارېفنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ نېمە؟

— تاغا، مەن مەسئۇلىيەتسىزلىك ھادىسىسىنى تۈگەتمەكچىمەن، مېنىڭچە بۇنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالدى. ماقۇل كۆرسىڭىز، مېنى قوللاڭ.

توكارېف ئۈنچىقماي قەلەمنى قولىغا ئالدى.

ئۇ پاۋېلنى روسىيە كومپارتىيىسىنىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا تونۇشتۇرغۇچىنىڭ پارتىيە ئىستاژى دېگەن كاتەكچىگە جىددىي ۋە كەسكىنلىك بىلەن «1903 - يىل» دەپ يېزىپ ئۆزىنىڭ ئىمزاسىنى قويدى.

— يېزىپ بولدۇم، ئوغلۇم. سەن مەن بوۋاينى مەڭگۈ يەرگە قاراتمايسەن.

قىش كىرگەندە، پاۋېل ئاغرىپ يېتىپ قالدى.

ئۇ جىددىي رېماتىزم كېسىلى بىلەن دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانىدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن زاۋۇتقا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شىرە ئۈستىدە

يانپاشلاپ يېتىپ تۇرۇپ ئىشلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. سىخ باشلىقى ئۇنى كۆرۈپ بىرەر ئىغىز گەپمۇ قىلالماي بېشىنى چايقىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ھەيئەت پاۋېلنى ئەمگەك ئىقتىدارىنى يوقاتقان، دەپ ھېسابلاپ خىزمەتتىن چېكىنىپ ئۆيىگە قايتىپ دەم ئېلىشقا ئۇندىدى ھەمدە ئۇنىڭغا نەپىقە بېرىشنى قارار قىلدى.

پاۋېل ئۇنى غەزەپ بىلەن رەت قىلدى. ئۇ سۆيۈملۈك زاۋۇتتىن قاتتىق ئازاب بىلەن ئايرىلدى.

ئۇ ئۆيىگە قايتتى. يولدا كېلىۋېتىپ، ئانىسىنىڭ خوشلىنىۋېتىپ: «مەن سىلەرنى پەقەت ئاغرىپ قالغاندا ياكى يارىدار بولغاندىلا كۆرەلەيدىكەنمەن» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى.

پاۋېل يەنە ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

بىر ئاي داۋامىدا، ئانىسى ئۇنىڭ ئىششىپ كەتكەن پۇتلىرىنى داۋاملىق ئۇۋۇلىدى، ھوردىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىرى ھاسىنى تاشلىدى.

پاۋېل يەنە ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ باردى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، تەشكىلات بۆلۈمى ئۇنى ئۆلكەلىك ھەربىي كومىتېت قارمىقىدىكى يەرلىك قوراللىق قىسىمدا سىياسىي خىزمەت ئىشلەشكە تەقسىم قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان كىچىككىنە بازار بىرىزدوپقا كېلىپ، خەلق ئەسكەرلىرى

چولڭ ئەترىتىدە سىياسىي كومىسسار بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قوشۇمچە بۇ رايوننىڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولۇپ، جاي-لاردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ پائالىيىتىنى ئۇيۇش-تۇردى.

شۇنداق قىلىپ، پاۋېلنىڭ تۇرمۇشىدا يەنە بىر يېڭىلىق باشلاندى.

چولڭ ئورمانلىقتىكى كىچىككىنە بېرېزدوف بازىرى دۆلەت چېگرىسىغا ئون كىلومېتىرلا كېلەتتى.

بېرېزدوف ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى نىكو-لاي نىكولايېۋىچ لىبىتسىن بىر جىددىي تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

*قەتئىي مەخپىي. بېرېزدوف ئىجرائىيە كومىتېتى-نىڭ رەئىسى لىبىتسىنغا:*

*چېگرىدا پولشا ئەۋەتكەن زور بىر تۈركۈم باندىتلار بايقالدى، ئۇلار چېگرا رايونىنى قالايمىقان قىلىشى مۇمكىن. ئېھتىيات چارىلىرى كۆرۈلسۇن. مالىيە بۆ-لۈمىدىكى نەق پۇل ۋە باشقا قىممەت باھالىق بۇيۇملار ئوبلاستقا يۆتكەلسۇن، باج ھەققى توختىتىپ قويۇلمى-سۇن.*

لېسېتسىن بىلەن پاۋېل دەرھال ئەھۋالنى تەھلىل قىلدى ھەمدە شۇ زامات پارتىيە ئىتتىپاق ئەزالىرىنى قوراللاندۇرۇپ، يۆتكىلىدىغان مال ـ مۈلۈكنى قوغداشقا قويدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر جىددىي خەت كەلدى.

بۇ خەت قىسقىچىلا يېزىلغانىدى:

*تۈنۈگۈن كېچە ئاتلىق باندىتلاردىن يۈزچە ئادەم ئىككى يېنىك پىلىموت بىلەن ئېلىشىشتىن كېيىن، پوردۇبىس رايونىدا سوۋېت تەۋەسىگە كىردى. دەرھال تەدبىر كۆرۈڭلار. باندىتلار سلاۋۇت ئورمىنىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. سىزگە ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قوياي: بۈگۈن قىزىل ئارمىيىنىڭ يۈز كىشىلىك كازاك ئاتلىق قىسمى باندىتلارنى ئىزىدىن قوغلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئۆتمىدۇ. ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالمىسۇن.*

*چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى مۇستەقىل يېڭىنىڭ يېڭجاڭى:*

*گاۋرىلوف*

تەشۋىشلىك ئىچىدە بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. باندىتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى ئىشقا ئاشمىدى. قىزىل

ئارمىيە ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى بىلەن باندىتلار پولشا چېگرىسىغا چېكىنىپ كەتتى.

پاۋېلنىڭ ھەر كۈنلۈك خىزمىتى ناھايىتى ئالدىراش ئىدى. بۇ يەردىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى رايونلۇق كومىتېتى يېڭى قۇرۇلغان بولۇپ، ھەممىنى يېڭىۋاشتىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. يەنە كېلىپ دۈشمەندىن ھەرۋاقىت ھوشيار تۇرۇش كېرەك ئىدى.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى بىرىنچى رايونلۇق كومىتېتى پاۋېل، رىتا پولېۋىخ، ژېنكا رازۋالىخىنلاردىن تەركىب تاپقانىدى، ئۇلار دائىم ئەتىدىن كەچكىچە سوۋېتنى قايتىدىن سايلاش، باندىتلارنى يوقىتىش، ئەتكەسچىلەرگە زەربە بېرىش ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

بىر كۈنى چىڭقى چۈش ۋاقتىدا، پاۋېل مەكتەپتىكى ئايال ئوقۇتقۇچى يولداش راكىتىنانىڭكىدىن چىقىپ، ئاتقا مىنىپ ئەمدىلا مېڭىشىغا، بىر ئايالنىڭ ئاچچىق چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

قارىسا، بىر ياش دېھقان ئايال سىرتىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانىكەن. يېزىدىكى كىشىلەر بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالدى.

— ۋاي، ۋاي خالايىق! ئۇ يەردە قىيامەت بولۇۋاتىدۇ! بىزنىڭ يېزىلىقلار بىلەن پوددۇبسىلىقلار پاسىل تالىشىپ ئۇرۇشۇۋاتىدۇ، ئۇلار بىزنىڭكىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان

بولدى! — دېدى ھېلىقى ئايال ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ.

كىشىلەر بۇ ئايالنىڭ كېيىدىن ئەھۋالنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يېزا ھەرىكەتكە كەلدى، ماڭالىغۇدەك ماغدۇرى بارلا كىشىلەر ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ، قوللىرىغا ئارا، پالتا، تاياق ـ توقماقلارنى ئېلىپ يېزىنىڭ سىرتىدىكى ئۇرۇش بولۇۋاتقان جايغا قاراپ يۈگۈرۈشتى.

بۇ ئىككى يېزا پاسىل تالىشىپ ھەرىيلى ئۇرۇشۇپ تۇراتتى.

پاۋېل ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئېتىنى قاتتىق قامچىلاپ، ئۇرۇش بولۇۋاتقان جايغا قاراپ چاپتى.

يىراقتىن ئۇرۇشۇۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى.

پاۋېل تېخىمۇ كۈچىدى، ئۇنىڭ ئېتى بوراندەك ئالغا قاراپ چېپىپ كېتىۋاتاتتى.

ئوتلاققا يېتىپ كەلگەندە، بىر توپ ئادەمنىڭ گويا يىرتقۇچلاردەك ۋەھشىيلەرچە ئۆزئارا ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

پاۋېلنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقان ئېتى چالغىنى كۆرۈپ يۈزكۆزى قانغا بويالغان ياشقىنا بىر يىگىتنى قوغلاپ كېتىۋاتقان بىر ساقاللىق ئادەمنى كۆكسى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى.

ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن يەنە بىر دېھقان

يەردە ياتقان بىرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈدەك ئەلپازدا ھەدەپ ئىبغىر ئۆتۈكى بىلەن تېپىۋاتاتتى.

پاۋېل ئىتىنى مۇشتلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئوت-تۇرىسىغا چاپتۇردى، كۆزلىرىگە قان تولغان بۇ ئادەم-لەرنى پەقەت ۋەھشىي ئۇسۇل بىلەنلا توسۇغىلى بولاتتى.

پاۋېل غەزەپ بىلەن قاتتىق ۋارقىرىدى:

— تارقىلىڭلار! ئۆلگۈرلەر، ھېلى ھەممىڭنى ئې-تىپ تاشلايمەن.

ئۇ ماۋزۇرىنى غىلاپىدىن چىقىرىپ، قاپىقىدىن قا-تىللىق يېغىپ تۇرىدىغان بىرىگە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ ئوق چىقاردى.

بەزىلەر چالغىسىنى تاشلاپ كەينىگە قاراپ قې-چىشتى.

پاۋېل ئوتلاق ئايلىنىپ توختىماي ئات چاپتۇرۇپ، توختىماي ئوق چىقىرىپ، سوقۇشۇۋاتقانلارنى تېزلا تار-قىتىۋەتتى.

كىشىلەر تەرەپ - تەرەپكە پاتىپاراق بولۇشۇپ كې-تىشتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەرلىك سوت مەھكىمىسى-دىن ئادەم كەلدى. ئىش تېرىغانلاردىن بەزىلىرى جازالان-دى. ھېلىمۇ ياخشى بۇ قېتىمقى سوقۇشۇشتا ئادەم ئۆلمىدى.

قىز كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى، قىز ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ئاشۇ سەت تۇرقىدا بىر خىل يېڭى گۈزەللىكنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى.

كاشىمودو ئاۋۋال جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— سىز راستىلا مېنى قايتىپ كەل دەۋاتامسىز؟

— شۇنداق! — قىز بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇ ئاستا ھەم ھەسرەتلەنگەن ھالدا دېدى.

— مەن...مەن پاڭ.

— بىچارە ئىنسان، — دېدى قىز ئىچىنغان ھالدا.

— شۇنداق، مەن پاڭ، مەن مانا شۇنداق قارىغۇسىز سەت، ئەمما سىز...سىز چىرايلىق.

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق ھەسرەتلىككى، قىز ھەتتا بىرەر سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىشقىمۇ مادارى يەتمىدى.

ئارقىدىنلا ئۇ كۈلدى، ئۇنىڭ كۈلۈشى دۇنيادىكى ئەڭ پاجىئەلىك ئىش ئىدى.

— مەن پاڭ، ئەمما سىز قول ئىشارىتى ئارقىلىق مەن بىلەن سۆزلەشسىڭىز بولىدۇ، — دېدى ئۇ يە-نە، — مەن تېزلا سىزنىڭ ئېغىز ھەرىكىتىڭىز ۋە كۆز ھەرىكىتىڭىزدىن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلىۋالا-لايمەن.

بۇ غەلىتە ئىنسان قىزنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى. ئۇ كەتمەكچى بولۇۋىدى، قىز قول ئىشارىتى قىلىپ ئۇنى ئېيىقالدى.

— ياق، بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، — مەن ئۇزاق تۇرسام بولمايدۇ، سىز ماڭا ئىچ ئاغرىتقاچقا كۆزىڭىزنى مەندىن قاچۇرمايۋاتىسىز.

ئۇ يانچۇقىدىن بىر كىچىك مېتال پۇشتەكنى ئالدى.

— مەڭ، ماڭا ھاجىتىڭىز چۈشسە، مېنى چاقىرماقچى بولسىڭىز بۇ پۇشتەكنى چېلىڭ. مەن پۇشتەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمەن.

ئۇ پۇشتەكنى يەرگە قويدى ـ دە كېتىپ قالدى.

## ھۇجۇم قىلىشنى مەخپىي پىلانلاش

كۈنلەر ئۇچقاندەك تېز ئۆتمەكتە. ئىسمېرالدانىڭ كۆڭلى ئاستا ـ ئاستا ئارامىغا چۈشتى. ھەددىدىن ئارتۇق قايغۇ ـ ھەسرەت خۇددى ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىققا ئوخشاش ئۇزۇن داۋاملىشالمايدۇ، ئۇنى ئىنساننىڭ قەلبىمۇ سىغدۇرالمايدۇ.

بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ گۈزەللىكى قىزنىڭ ئازار يېگەن دىلىنى ساقايتتى. مۇقەددەس مۇزىكا ساداسى ئۇنىڭ ھاياتنى يېڭىدىن باشلاش جاسارىتىنى ئۇرغۇتتى. چېركاۋدىكىلەر مۇناجات ئېيتقاندا، ئۇمۇ غىڭشىپ ئېيتىشنى ئويلايتتى، ئەمما ئۇنىڭ ھەممىدىن ياخشى كۆرىدىغىنى قوڭغۇراق مۇزىكىسى ئىدى، قوڭغۇراق ساداسى

ھەممە بالا ـ قازا پاسىلدىن بولغان، يېزىلارنىڭ پا-
سىلى ئېنىق بولمىغانلىقتىن جېدەل كېلىپ چىققان.

بىر ھەپتىدىن كېيىن پاۋېل بىر پېشقەدەم يەر
ئۆلچىگۈچىنى باشلاپ كەلدى، كېيىن يەر ئۆلچەش ئەت-
رىتى كېلىپ، پاسىلنى يېڭىۋاشتىن ئايرىپ چىقتى.

پاۋېلنىڭ ۋە ئۇنىڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتى-
پاقى رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خىزمىتى نەتىجىلىك
بولدى، چېگرىدىكى يېزىلاردا ئىتتىپاق ياچېيكىسى
كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كەلدى.

پاۋېل ياشلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلار
بىلەن دوست بولۇپ قالدى.

خەلق ئەسكەرلىرى چوڭ ئەترىتى ھەربىي سەپكە
كىرىش يېشىغا يېقىنلىشىپ قالغان 1600 بالىنى قو-
بۇل قىلىپ، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىگە قاتناشتۇردى.

دۆلەت چېگرىسى خېلى تىنچلىنىپ قالدى.

لېكىن بىرىزدوف ئەتراپىدا باندىتلار پەيدا بولدى.

ئانتونيوك باندىتلىرى ئانتونيوك ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق
تۇغقانلىرىدىن تەركىب تاپقان «يەتتە كىشىلىك گۇرۇھ»
بولۇپ، ئۇلار دائىم ئەتراپتىكى چوڭ يوللاردا ئادەم ئۆل-
تۈرۈپ، مال ـ مۈلۈكنى بۇلاپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلە-
رى قالمىغانىدى.

ھەرقېتىم باندىتلارنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىق خەۋىرى

كەلسە، لىبىتسىن ئاچچىقىدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى.

— قاچانمۇ بۇ زەھەرلىك چايانىنى ئۆلتۈرەرمەن؟ ئىپلاس، ئاخىرى ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن تۇتىمەن! — دەيتتى لىبىتسىن غەزەپ بىلەن.

بىر يامغۇرلۇق كۈز كېچىسى ئىدى.

باندىتلار باشلىقى ئانتونىيوك ۋە ئۇنىڭ يەتتە جاھىل مۇرىتى ئاخىر قولغا چۈشتى.

بۇ چىل بۆرىلەر مەيدان داچىسىدا بىر باي كۆچمەننىڭ تويىغا قاتناشقانىدى. خىرولىنىدىكى پارتىيە ئىتتىپاق ئەزالىرى شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى تۇتۇۋالدى.

ئاخىر بىر زەھەرلىك ئۆسمە كېسىپ تاشلاندى.

شۇ يىلقى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بايرىمى چېگرىدا ئىنتايىن قىزغىن ئۆتكۈزۈلدى.

پاۋېل چېگرىدىكى يېزىلاردا ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بايرىمىنى تەبرىكلەش ھەيئىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. چوڭ مەيداندىكى تەبرىكلەش يىغىنىدىن كېيىن، يېقىن ئەتراپتىكى ئۈز يېزىدىن پوردوبىس رايونىغا يىغىنغا كەلگەن بەش مىڭدىن ئارتۇق ئەر- ئايال يېرىم كىلومېتىرچە ئۇزۇنلۇقتا سەپ تارتىپ، خەلق ئەسكەرلىرى چوڭ ئەترىتى ۋە مۇزىكا ئەترىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە،

قىزىل بايراقلارنى كۆتۈرۈپ، چېگرىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

ئۇلار تەرتىپ ـ ئىنتىزامنى قاتتىق ساقلاش، چېگرا بەلگىلىرىنى بويلاپ، سوۋېت ـ پولشا چېگرىسى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن يېزىلارغا قاراپ ماڭدى.

پولشا قاراۋۇللىرى مۇنداق مەنزىرىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

يېڭجاڭ بىلەن پاۋېل سەپنىڭ ئالدىدا ئاتلىق كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە مۇزىكا چېلىنىپ، بايراقلار لەپىلدەپ، ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سەپتىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيگەنىدى، ھەممىيلەن شادلىققا چۆمگەن، كۈلكە ساداسى ياڭراپ تۇراتتى.

كىشىلەر ئېقىننى كۆز يەتكۈسىز ئۇزاققا سوزۇلۇپ ئاقماقتا ئىدى، دۆلەت چېگرىسى بۇ ئېقىننىڭ قىرغىقى ئىدى. ئۇلار سوۋېت چېگرىسىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدى، سوۋېت زېمىنىدىن بىر قەدەممۇ نېرى ئۆتمىدى.

نامايىشچىلار قوشۇنىدا «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ناخشىسى» ياڭرىدى:

سىبىرىيە ئورمانلىقىدىن
بىرىتانىيە دېڭىزىغىچە
ئەڭ قۇدرەتلىكتۇر قىزىل ئارمىيە!

قىزىل ئارمىيە قاراۋۇللىرى نامايىشچىلار قوشۇ-نىنى خۇشال تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى. پولشا ئەسكەرلىرى بولسا ئالاقزادە بولۇپ تەمتىرەپ قالدى.

گەرچە بۇ نامايىش پولشا قوماندانلىق ئورگىنىغا ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ھو-دۇقۇپ تەمتىرەپ قېلىشتى.

ئاتلىق ئەسكەرلەر چارلاشنى كۈچەيتتى، قاراۋۇللار تۆت ھەسسە كۆپەيتىلدى، شۇنىڭدەك ھەر ئېھتىمالغا قارشى يوشۇرۇن زاپاس قىسىملارمۇ قويۇلدى.

لېكىن نامايىشچىلار قوشۇنى باشتىن-ئاخىر خۇشال-خورام قىقاس-چۇقان سېلىپ، ناخشىنى ياڭ-رىتىپ، ئۆز دۆلەت زېمىنىدا ماڭدى.

كىچىككىنە بىر دۆڭدە بىر پولشا قاراۋۇلى تۇراتتى. نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ ناخشا ساداسى ئۇنىڭغا ئاڭلان-غاندا، ئۇ دەرھال مۈرىسىدىكى مىلتىقنى ئېلىپ، ئايد-غىنىنىڭ يېنىغا قويۇپ، نامايىشچىلارغا سالام بەردى. پا-ۋېل ئۇنىڭ:

— ياشىسۇن كوممۇنىزم! — دېگەنلىكىنى ئېنىق ئاڭ-لىدى.

پاۋېل ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.

مانا بىر يولداش! ئۇنىڭ شىنلى ئىچىدە ھەقىقىي دوستلۇق يۈرىكى سوقۇپ تۇرۇپتۇ.

پاۋېل ئۆنىڭغا پولەك تىلىدا ئاستاغىنە:

— سالام، يولداش! — دېدى.

نامايىشچىلار قوشۇنى ئۆتۈپ بولغۇچە، ھېلىقى پولشا ئەسكىرى شۇ ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي تىك تۇردى.

پاۋېل بىرنەچچە قېتىم كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ قارا گەۋدىسىگە ھۆرمەت ۋە مىننەتدارلىق بىلەن قارىدى...

پاۋېلنىڭ بۇ خەلق ئەسكەرلەر چوڭ ئەترىتى بۇيرۇق بويىچە يەرلىك قىسىملارنىڭ كۆزلۈك مانېۋىرىغا قاتناشتى.

چوڭ ئەترەت باشلىقى گۇسېۋ بىلەن كومىسسار كورچاگىن ئۆزلىرىنىڭ سەككىز يۈز كىشىلىك قوشۇنىنى باشلاپ مانېۋىر مەيدانىغا كەلدى.

پۈتۈن قوشۇن مەيدانغا يىغىلدى.

چوڭ ئەترەت باشلىقى گۇسېۋ بىلەن پاۋېل ئۆزىنىڭ قوشۇنىغا نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرگەنىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسى كامىل ئىدى.

رەسمىي كۆرەك ئاخىرلىشىپ، چوڭ ئەترەتنىڭ ئەترەت شەكلىنى ئۆزگەرتىش مەشىقى تۈگىگەندىن كېيىن، چىرايى كېلىشكەن، لېكىن ئەتلىرى خېلىلا بوشىشىپ قالغان بىر كوماندىر:

— نېمىشقا ئاتقا مىنىۋالدىڭىز؟ خەلق ئەسكەرلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋە كومىسسارى مانېۋىر

ۋاقتىدا ئاتلىق يۇرۇشكە بولمايدۇ! ئېتىڭىزنى ئات ئې-
غىلىغا ئاپىرىپ قويۇپ، مەشىققە پىيادە قاتنىشىشى-
ڭىزنى بۇيرۇيمەن — دېدى پاۋېلغا قاتتىقلا.

پاۋېلنىڭ ئاتقا مىنىپ مانېۋىرغا قاتنىشالمايدى-
غانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ پۇتلىرى بىر
كىلومېتىر پىيادە مېڭىشقىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.
بىراق بۇ ئەھۋالنى ئۇستىۋېشىغا نۇرغۇن تاسما
باغلىۋالغان بۇ مەمەدانىغا قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟
ئۇ ئاخىر چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ:
— ئات مىنمىسەم مانېۋىرغا قاتنىشالمايمەن، —
دېدى.
— نېمىشقا؟
— پۇتلىرىم ئىششىپ كەتتى. پۈتۈن بىر ھەپتە
ھەم مېڭىش، ھەم يۈگۈرۈشكە ھەقىقەتەن بەرداشلىق
بېرەلمەيمەن. ئاندىن، يولداش ئۆزىڭىز كىم بولى-
سىز؟ — دېدى پاۋېل ئاۋازىنى پەسەيتىپ.
— بىرىنچىسى، مەن سىلەرنىڭ تۆەنىنىڭ سەنمۇ-
جاڭى بولىمەن. ئىككىنچىسى، يەنە بىر قېتىم ئاتتىن
چۈشۈشىڭىزنى بۇيرۇيمەن. راستىلا مەجرۇھ بولسىڭىز،
سىزنى ھەربىي سەپكە مەن چاقىرمىدىم، بۇنىڭغا مەن
ئەيىبلىك ئەمەس.
پاۋېل خۇددى قاتتىق قامچا يېگەندەك، ئېتىنىڭ

تىزگىنىنى قاتتىق تارتتى، لېكىن گوسپىنىڭ كۆچ-لۈك قوللىرى ئۇنى توسۇپ قالدى.

بۇنداق ھاقارەتكە پاۋېل راستتىنلا چىداپ تۇرالمى-دى، ئۇ ئېتىلىپ بارماقچى بولدىيۇ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇ-ۋالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمدى ئادەتتىكى جەڭچى ئەمەسلى-كىنى، بەلكى چوڭ ئەترەتنىڭ كومىسسارى ئىكەنلىكى-نى ئويلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چوڭ ئەترەتتىكى بار-لىق جەڭچىلەر ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپتۇ! ئۆزىنىڭ بۇ قوشۇنغا قىزىل ئارمىيىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى تىكلەپ بېرىشى كېرەككۇ! پاۋېل ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇ-گىلىرىنىڭ قاتتىق ئاغرىشىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئالغا قاراپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدا بىر نەچچە كۈنگىچە ھاۋا ناھايىتى ياخشى بولدى، مانېۋىرمۇ ئوڭۇشلۇق بولدى.

مانېۋىرنىڭ ئاخىرقى كۈندىكى نىشانى پاۋېلنىڭ يۇرتى شېپتوپكا بولۇپ، مەشىق شۇ ئەتراپتا ئېلىپ بېرىلاتتى.

بىرىنزدوف چوڭ ئەترىتى بۇيرۇق بويىچە پويىز ئىس-تانسىسىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى. پاۋېل بۇ ئەتراپنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى پىششىق بىلەتتى. ئۇ قوشۇننى باشلاپ، ئارقا تەرەپكە سەزدۈرمەي ئۆتۈپ، كۈتمىگەن يەر-دىن «دۈشمەن»نى قورشاپ، پويىز ئىستانسىسىغا بېسىپ

كىردى.

ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان چولاق ئەترەت ۋەكىللىرى خىجىللىقتا ئۇ يەردە تۇرۇشاتتى. تۇمەن قوماندانلىق شتابىنىڭ باھالىغۇچىلىرى گۇسېپنى تەبرىكلىدى.

— بۇ مېنىڭ تۆھپەم ئەمەس، كورچاگىن بۇ يەرگە يەرلىك، ئۇ بىزگە يول باشلاپ بەردى، — دېدى گۇسېپ.

تۇمەن سەنمۇجاگى ئاتلىق پاۋېلنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— يولداش، بىر ئوبدان ماڭالايدىكەنسىزغۇ، قارىغاندا، ئاتنى سۆلەت ئۈچۈنلا مىنىپ يۈرىدىكەنسىز-دە؟ — دېدى تەنە قىلىپ. ئۇ يەنە بىرنېمە دېمەكچى ئىدى، لېكىن پاۋېلنىڭ غەزەپ بىلەن قارىشى بىلەن، دېمەكچى بولغان گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن، پاۋېل گۇسېفتىن:

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە، بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

گۇسېپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ:

— بولدى قوي ئۇ ئالدامچىنى، ئۇنىڭ ئىسمى چۇژانىن، ئىنقىلابتىن ئىلگىرى جۇنۋېي ئىدى.

پاۋېل بۇ ئىسىمنى نەدىدۇ ئاڭلىغاندەك قىلاتتى، لېكىن شۇ كۈنى نەچچە قېتىم ئەسلەپمۇ، ئېسىگە ئالالمىدى.

ئىككىنچى نۆۋەتلىك رايونلۇق سوۋېت قۇرۇلتىيى

بىرىنزدوپ تىياتىرىدا داغدۇغىلىق چاقىرىلدى. لېسىت- سىن دوكلاتىنى جىددىي ھەم تەنتەنىلىك ھالدا باشلى- دى:

— يولداشلار، مەن ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا شۇنى دوكلات قىلماقچىمەنكى، ئۆتكەن بىر يىلدا، بىز ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قا- زاندۇق...

بۇ چاغدا يان ئىشىكتە رىتا پەيدا بولدى، ئۇ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ پاۋېلنى چاقىردى.

رىتا كارىدوردا ئۇنىڭغا «جىددىي» دەپ يېزىلغان بىر پارچە خەتنى بەردى.

پاۋېل كونۋېرتنى ئاچتى، ئۇ يۆتكەش بۇيرۇقى ئى- دى:

*بىردىنزدوف رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىغا: ئۆل- كىلىك كومىتېت يولداش كورچاگىننى باشقا مۇھىم ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىگە ئەۋەتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن قايتۇرۇپ كېلىشنى قارار قىلدى.*

پاۋېل نائىلاج بۇ رايون بىلەن خوشلاشتى.

رايونلۇق پارتكوم ئالاھىدە مەخسۇس يىغىن چاقى- رىپ، يولداش كورچاگىننىڭ پارتىيىۋىلىكىنى رەس- مىيلەشتۈرۈشنى قارار قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى باھالىدى.

لىپسىتسىن بىلەن رىتا پاۋېلنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىي قۇچاقلاشتى. ئۇ ئاتلىق كوچىغا چىققاندا، سەپداشلىرى تەڭلا ئوق چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئىھتىرام بىلدۈرۈپ خوشلاشتى.

## 5

ئۆلكە مەركىزىدىكى پارتىيە ۋە ئىتتىپاق كومىتېتى تروتسكىچىلار ئۈستىدە قەتئىي، ئۇزۇل- كېسىل كۈرەش قىلماقتا ئىدى.

تروتسكىچىلار پارتىيىنىڭ ئاساسىنى تەۋرەتمەكچى، پارتىيە ئىنتىزامىنى بۇزماقچى بولۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى كۈرەشتە قۇتراتقۇلۇق قىلغانىدى. شۇڭا، پارتىيە ئىچىدىكى ھەققانىيەتچىلەر ۋە قەيسەر كىشىلەر ئۇلارنى قاتتىق تەنقىد قىلدى ھەمدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازاندى.

بۇ پارتىيە ئىچىدىكى مەزھەپ كۈرىشى، لېنىنىزمدا توغرا چىڭ تۇرغۇچىلارنىڭ خاتا قىلمىشلارنى تروتسكىچىلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئەڭ قەتئىي، ئەڭ ئۇزۇل- كېسىل كۈرىشى ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، تروتسكىچىلار پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، پارتىيە تەشكىلى پاكلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلۇغ جۇمھۇرىيەت قۇدرەت تېپىش

يولىغا ئاتلاندى.

1924 ـ يىل تارىختىن بۇيان ئىنتايىن قاتتىق سوغۇق بولغان بىر يىل بولدى. 1 ـ ئايدا ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق سوغۇق بولۇپ، كەڭ زېمىننى قار ـ مۇز قاپلاپ كەتتى.

كېيىنكى يېرىم ئايدىن باشلاپ، ئۈزلۈكسىز قاتتىق قار يېغىپ، شىۋىرغان چىققىلى تۇردى.

شىپتوپكا باش پويىز ئىستانسىسىنىڭ تېلېگراف بۆلۈمىدە ئۈچ «مورزې» ماركىلىق تېلېگراف ئاپپاراتى پەقەت كەسىپ ئەھلىلا چۈشىنەلەيدىغان تىل بىلەن «تى ـ تى ـ تىت» قىلىپ ئۈزلۈكسىز سايرىماقتا.

تېلېگرافچى ئىككى قىز ناھايىتى ياش بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر بوۋاي ئولتۇراتتى. ئۇ ھېلىقى قىزلارغا ئوخشاش قەغەزگە قاراپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ھەرپلەرنى ھەجىلەپ ئولتۇرماي، ئاپپاراتنىڭ «تى ـ تى ـ تىت» قىلغان ئاۋازىغا قاراپ تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىنى قەغەزگە يېزىۋېتەتتى.

*«بۇ تېلېگرامما ھەممە ئىستانسىلارغا تارقىتىلسۇن، بۇ تېلېگرامما ھەممە ئىستانسىلارغا تارقىتىلسۇن!»*

ئۇ بۇ سۆزلەرنى يېزىۋېتىپ:

— .... يەنە يىغىلغان قارلارنى تازىلاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش بولسا كېرەك، — دەپ ئويلىدى. بۇ چاغدا تالادا چىقىۋاتقان بوران قارلارنى ئۇچۇرۇپ دېرىزىلەرگە ئۇرۇلۇۋاتاتتى. بوۋاي بۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدى...

ئۇ قايتا ئاپپاراتقا قارىغاندا، بىرمۇنچە تېلېگراف قەغىزى دۆۋىلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئالمان - تالمان لېنتىنى ئېلىپ ئوقۇدى:

*«1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كەچ سائەت ئالتىدىن ئەللىك مىنۇت ئۆتكەندە....»*


*«... گوركادا ۋاپات بولدى...»*

ئۇ سانسىزلىغان خۇش خەۋەرلەرنى ۋە قايغۇلۇق خەۋەرلەرنى ئاڭلىغانىدى. ئۇلارنى قوبۇللا قىلىپ، قەغەزگە يېزىپ قوياتتىيۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنىغا دىققەت قىلمايتتى.

ھازىرمۇ كىمدۇر بىرى ئۆلۈپتۇ، ئۇنى كىمدۇر بىرىگە خەۋەر قىلىۋاتىدۇ. ئۇ باشتىكى سۆزلەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى!

ئاپپارات توختىماي تىتىرلايتتى. پېشقەدەم تېلېگرافچى ئاڭلىغاچ يازدى:

«ۋ - لا - د - ىمىر - ئى - ل - ىچ» بۇ خەتلەر



— بۇنىڭدىن كېيىن بىز قانداق ئىشلارغا يولۇقار-مىز؟ قانداق قىسمەتلەر يۈز بېرەر؟ — قىز پىچىرلاپ كۆزلىرىنى يۇمدى.

ئۇ تېخىمۇ ئەنسىرەشكە باشلىدى.

كۈندۈزى، بىر قىسىم ئادەملەر بۇۋى مەريەم چېر-كاۋىنىڭ ئۆگزىسىنى رېمونت قىلغانىدى. ئۇلار كەچ بولغاندا قايتىپ كەتتى، ئەمما سايمانلارنى قالدۇرۇپ قويغانىدى. كاشىمۇدۇ بىنانىڭ ئۆگزىسىنى بويلاپ ئۇلار ماتېرىياللارنى دۆۋىلەپ قويغان يەرگە يۈگۈرۈپ كەلدى: ئۇ بىر دۆۋە چوڭ تاش بىلەن ھەددى ھېسابسىز يۇمشاق، ئېغىر مېتال تاياقچىلارنى كۆردى. بۇ قوغۇشۇن ئىدى. ئۇ يەردە يەنە ئىشچىلار ئوت ياقىدىغان تۆمۈر ئوچاق بار ئىدى. ئىشچىلار ئالدى بىلەن قوغۇشۇن تاياقچىلارنى ئوتتا ئېرىتىپ، ئاندىن كېيىن قوغۇشۇن ئېرىتمىسىنى ئۆگزىنىڭ تۆشۈكلىرىگە قۇياتتى.

— بۇلار دەل ماڭا كېرەكلىك نەرسىلەر، — دەپ ۋارقىرىدى كاشىمۇدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بىر تاشنى كۆتۈردى. بۇ تاش شۇنچە ئېغىركى، گەرچە ئۇنىڭ كۈچى ئۈچ ئادەمنىڭ كۈچىگە توغرا كەلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاشۇ كۈچلۈك قوللىرى تاشنى ئاران كۆتۈرەلىدى. ئۇ تاشنى بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ كۆتۈرۈپ ئۆگزىنىڭ چېتىد-گە كېلىپ، تاشنى تۆۋەندىكى ئادەملەر توپىغا تاشلىدى. ئۇ تۆۋەندە يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆرۈشكىمۇ

ئۇلگۇرمەي قايتىپ كېلىپ، ئىككىنچى تاشنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ ئۇنىمۇ تۆۋەنگە تاشلىدى. بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرىنى توختىماي تاشلىدى، ئۇ تاشنى تاشلاپ بولۇپ توختىدى ـ دە، ئۆز ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۇ-چۇن تۆۋەنگە قارىدى.

كىشىلەر دەرۋازىدىن خېلى يىراققا بىرىۋالغانىدى؛ پەلەمپەي ئۈستىدە بىرمۇ ئادەم يوق بولۇپ، پەقەت بىر-نەچچە ئادەمنىڭ تېنى خۇددى ئۆلۈكتەك ياتاتتى، دەرەخ غولى يەرگە تاشلاپ قويۇلغانىدى. ئەمما كىشىلەر توپى-دىن 20 ئادەم يۈگۈرۈپ چىقىپ، دەرەخ غولىنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئۇنى دەرۋازىغا ئۇرغىلى كەلدى.

— ئەمدى مەن ئۇنى ئېرىتىمەن، — ۋارقىرىدى كاشىمۇدۇ. ئۇ كېلىپ ئىشچىلارنىڭ ئوچىقىغا ئوت ياقتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، قارا ئىس ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. تۆمۈر ئوچاقتىكى ئوت لاۋۇلداپ كۆيدى، كاشىمۇدۇ نۇر-غۇن يوغان ـ يوغان ئوتۇنلارنى ئوتنىڭ ئۈستىگە تاشلى-دى. ئاندىن كېيىن ئۇ لىقمۇلىق قوغۇشۇن قاچىلانغان تۆمۈر قازاننى ئوچاققا ئاستى.

تۆۋەندىكى مەيداندا بىر ئادەم قولىدىكى قىلىچ بىلەن بىنانىڭ ئۈگزىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— قاراڭلار، ئوت كەتتى! ئۆگزىگە ئوت كەتتى!

— ئۇرۇڭلار، قېرىنداشلار! — دىۋانىلەر پادىشاھى توۋلىدى، — ئەرشتىن ئوت چۈشتى، تەڭرى بىزگە مەدەت

— لېنىن ۋاپات بوپتۇ!

كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ قايغۇلۇق خەۋەر ئىشخا- نىنىڭ ئۈچۈق تۈرغان ئىشىكىدىن خۇددى قۇيۇندەك تېز چىقىپ، بىردەمدىلا ۋوگزالغا تارقالدى، قار - شىۋىرغان ئىچىگە كىرىپ، تۆمۈريول لىنىيىلىرى ۋە ئاچالىلارنى ئايلىنىپ چىقىپ، سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك بىر سوغۇق شامالغا ئوخشاش، ۋاگونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەيدانىنىڭ يېرىم ئوچۇق دەۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى.

ۋاگونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەيدانىدا، بىر كىچىك رېمونت ئەترىتى بىر پاراۋوزنى رېمونت قىلىۋاتاتتى. پولېنتوۋسكى بوۋاي، بروزژاك ۋە ئارتيوم ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى.

بىرسى ئىشىكتىن تۇيۇقسىز قىسىلىپ كىرىپ كەلدى.

بازغان ئاۋازى ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم ۋارقىرىغان ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى، لېكىن ئۇ پاراۋوزنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئارتيومنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن بازغىنى بوشلۇقتا توختاپ قالدى.

— لېنىن ۋاپات بوپتۇ!

بازغان ئارتيومنىڭ يەلكىسىدىن ئاستا سىيرىلىپ چۈشتى، ئارتيوم ئۇنى سېمونت پول ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

— نېمە دېدىڭ؟

ئارتيوم بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن كىشىنىڭ چاپىنىنى ئابۇردەك قاماللاپ چىڭ تۇتۇۋالدى.

— لېنىن ۋاپات بوپتۇ؟...

ئۇستۇۋېشى قارغا مىلەنگەن ھېلىقى ئادەم ھاسىراپ نەپەس ئالغان ھالدا بۇ خەۋەرنى قايغۇ بىلەن يەنە تەكرارلىدى.

ئارتيوم بۇنىڭغا ئاران ئىشەندى. ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدى: ئۇ ئەسلى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىدى.

ئىشچىلار ئورەكلەردىن چىقىپ، پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى جىمجىت ئاڭلىدى.

دەرۋازا تەرەپتىكى بىر پاراۋوز قاتتىق ۋارقىراپ ھەممە كىشىنى چۆچۈتۈۋەتتى.

پويىز ئىستانسىسى تەرەپتىن يەنە بىر پاراۋوز ۋارقىراشقا باشلىدى، ئۇنىڭغا يەنە بىرى قوشۇلدى.

ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گۈدۈكىمۇ پاراۋوزلارنىڭ ئەنسىزچىلىككە تولغان گۈركىرەشلىرىگە توپ ئوقىدەك ئاۋاز بىلەن قوشۇلدى....

ۋاگونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەيدانى قايغۇلۇق سۈكۈتتە تۇرغان ئادەملەر بىلەن لىق تولدى.

بىرەيلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

ئۇ شىپتوپكا ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، پېشقەدەم بولشېۋىك شارابىرىن ئىدى.

— يولداشلار! پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ داھىسى لېنىن ئالەمدىن ئۆتتى...

ماتەم مۇزىكىسى چېلىندى. نەچچە يۈز ئادەم بېشىدىن قۇلاقچىسىنى ئالدى. 15 يىلدىن بۇيان كۆز يېشى قىلىپ باقمىغان ئارتيوم گېلىغا بىرنېمە تىقىلىپ قالغاندەك مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ كەڭ مۈرىلىرىمۇ قايغۇ بىلەن سىلكىنەتتى.

تۆمۈريول ئىشچىلار كۇلۇبىدا.

زال ماتەم يىغىنىغا قاتناشقۇچىلار بىلەن لىق تولدى.

زالدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، غايەت زور مۇسىبەت كىشىلەرنىڭ گېلىنى بوغۇپ قويغانىدى. ئۇلار خۇددى يېتەكچىسىز قالغان دېڭىزچىلارغا ئوخشايتتى.

دوكلاتتىن كېيىن پارتكوم شۇجىسى بىر ئىشنى ئېلان قىلدى:

ئوتتۇز يەتتە ئىشچى ئىمزا قويۇپ چوڭ يىغىنىنىڭ ئويلىشىپ كۆرۈشى ئۈچۈن بىر پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى يېزىپتۇ.

ئۇ ئىلتىماسنى ئوقۇدى:

*«غەربىي جەنۇب تۆمۈريولى شىپتوپكا ئىستانسىسى كوممۇنىستىك بولشېۋىكلار پارتىيە تەشكىلاتىغا:*

*داھىيمىزنىڭ ۋاپاتى بىزنى بولشېۋىكلار قوشۇنىغا كىرىشكە چاقىردى، بىز بۇگۈنكى يىغىنىدا بىزنى تەك-شۈرۈپ، لېنىن پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىشىڭلارنى سورايمىز.»*

بۇ ئىلتىماسنىڭ ئاستىغا ئىككى قاتار ئىمزا قو-يۇلغانىدى.

شۇجى بۇ ئىسىملارنى ئوقۇۋېتىپ، بۇ تونۇش ئى-سىملار ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېسىدە قالسۇن ئۈچۈن، ھەر-بىر ئىسىمدىن كېيىن بىر نەچچە سېكۇنت توختاپ تۇردى:

— پولېنتوۋسكى ستانىسلاپ زىگمۇندوۋىچ، پاراۋوز شوپۇرى، ئىستاژى 36 يىل.

— كورچاگېن ئارتيوم ئاندرېيوۋىچ، سلىسار. ئىس-تاژى 17 يىل.

— برۇزژاك زاخار ۋاسىلىيېۋىچ، پاراۋوز شوپۇرى، ئىستاژى 21 يىل.....

لېنىننىڭ ۋاپاتى نەچچە يۈز مىڭلىغان ئىشچىلار بولشېۋىكلار قوشۇنىغا قوشتى. داھىي ۋاپات بولغان بول-سىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىشلىرى يەنىلا داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

## 6

رىتا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشقىلى كەلدى.

يىغىن زالىدا، رەئىس ئاكىم ئىسىملىكنى ئوقۇغاندا، رىتا بىر مۇنچە تونۇش ئىسىملارنى ئاڭلىدى.

— پانكىراتوف.

— ئوكونېڤ.

— ژاركى.

— كورچاگىن.

رىتا تۇيۇقسىز بۇ ئىسىمنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ ھەدەپ كۆز يۈگۈرتۈپ كىشىلەر توپىدىن ئۇنى ئىپىشقا كىرىشتى. لېكىن ئۇنىڭغا ھەممە باشلار ئوخشاشلا بولۇپ كۆرۈندى.

يىغىن تارقالغاندا، رىتا ئىشىك ئالدىدا قاراپ تۇردى.

بۇ چاغدا ئۇ بىرىنىڭ:

— ھەي، كورچاگىن، ئاغىنە، بىزمۇ ماڭامدۇق؟ — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئارقىدىنلا شۇ قەدەر تونۇش، شۇ قەدەر ئۇنتۇلماس:

— ماڭايلى! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

رىتا دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇۋىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا

ئېگىز بويلۇق، قارىراق كەلگەن، ئۇچىسىغا ماش رەڭ ھەربىيچە چاپان، كۆك شىم كىيگەن، بېلىنى كافكازچە تاسما بەلۋاغدا باغلىۋالغان ياش يىگىت تۇراتتى.

رىتا چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالدى.

پەقەت بىر جۈپ قول قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنى قۇچاقلاپ، تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ئاستا «رىتا» دېگەندىلا، ئۇ ئاندىن ئۇنىڭ راستلا پاۋېل ئىكەنلىكىگە ئىشەندى.

— سەن تېخى تىرىكمىدىڭ؟

شۇ بىر ئېغىز گەپ ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

ئۇلار بىللە ماڭدى، ئۇلارنىڭ دېيىشىدىغان نۇرغۇن گەپلىرى بارئىدى. بۇنىڭغا ۋاقىت يار بەرمەيتتى.

— مېنىڭ سەندىن بىر سوئالغا جاۋاب ئالغۇم بار، — دېدى رىتا، — گەرچە بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىش بولسىمۇ، لېكىن سېنى يەنىلا جاۋاب بېرىدۇ دەپ ئويلايمەن: نېمىشقا سەن شۇ چاغدا بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىز ۋە دوستلۇقىمىزنى ئۈزۈۋەتتىڭ؟

پاۋېل ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن چېغىدىلا جەزمەن مۇشۇ سوئالنى سورايدىغانلىقىنى ئويلىغان بولسىمۇ، راستتىنلا سەل خىجىل بولدى.

— رىتا، مېنىڭچە بۇنى مەندىن ئوبدانراق بىلىسەن، بۇ ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش. ھازىر مەن شۇ چاغدىكى

پاۋېلنىلا ئەيىبلىيەلەيمەن. پاۋېل ئۆز ھاياتىدا چوڭ ـ كىچىك نۇرغۇن خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدى، سىنىڭ ھازىر سوراۋاتقىنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

رىتا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— بۇ ئىشنى «كۆكقۇيۇن» ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلابىي رومانتىزمىدىن باشلاپ سۆزلەيلى. مەن ساڭا بولغان ھېسسىياتىمنى «كۆكقۇيۇن» چە بىر تەرەپ قىلغانىدىم. بۇ ئەمدى ئۆزۈمگە بىمەنىلىك تۇيۇلىدۇ، يەنە كېلىپ بەك ئەلەم قىلىدۇ.

پاۋېل سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، رىتا ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاخىرىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ پاۋېلغا:

— ھازىر مېنىڭ كىچىككىنە قىزىم بار، ئۇنىڭ دادىسى مېنىڭ يېقىن دوستۇم. بىز ئۈچىمىز ھازىر ناھايىتى ئىناق ياخشى ئۆتۈۋاتىمىز، — دېدى.

پاۋېل بۇنى ئاڭلاپ، رىتاغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مېنىڭ يوقاتقانلىرىمدىن ئېرىشكەنلىرىم نۇرغۇن، — دېدى.

ئارىدىن ئىككى يىل تېزلا ئۆتۈپ كەتتى.

بىر ئۇلۇغ دۆلەتتىكى 160 مىليون خەلق دۇنيا بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ زېمىنىغا خوجايىن بولۇپ، ئۇرۇش ۋەيران قىلغان خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا كېچە ـ كۈندۈز ئەمگەك قىلماقتا،

دۆلەت كۈندىن ـ كۈنگە قۇدرەت تاپماقتا، زاۋۇتلار گۈل۔
لەنمەكتە ئىدى.

پاۋېل بۇ ئىككى يىلدا، ئەتىگەندە تاڭنى ئېرىن۔
چەكلىك بىلەن ئەسنەپ قارشى ئالىدىغان، ئاخشىمى
سائەت ئون بولا ـ بولمايلا يېتىپ ئۇخلايدىغان كىشى۔
لەردەك ۋاقىتنى ھەرگىز زايە قىلمايتتى، بەلكى ھەر
كۈننى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى.

ئىككى يىل ئىچىدە، ئۇ دائىم يېرىم كېچىگىچە
چىراغ يورۇقىدا «كاپىتال» نىڭ ئۈچ تومىنى ئوقۇپ
چىقتى...

ياز كېلىشى بىلەن، پاۋېلنىڭ دوستلىرى ھەر تە۔
رەپكە دەم ئېلىشقا كېتىشەتتى، ھەممە ئىش بولسا پا۔
ۋېلنىڭ زىممىسىگە چۈشەتتى، ئۇ ئىنقىلابنىڭ قېرىپ
كەتكەن كالىسىدەك، ھاردىم ـ چارچىدىم دېمەي، پۈتۈن
كۈچى بىلەن ئىشلەپ تۇراتتى.

پاۋېل كۈز پەسلى بىلەن قىش پەسلىنى ياقتۇر۔
مايتتى، چۈنكى بۇ ئىككى پەسىل ئۇنىڭغا جىسمانىي
جەھەتتىن نۇرغۇن ئازابلارنى ئېلىپ كېلەتتى.

ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى بارغانسېرى ناچارلاشتى.
ئۇنىڭغا ئىككىلا يول قالغاندى: بىرى، ئېغىر خىزمەت۔
لەرنى ئۆتەشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ئىككىن۔
چى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ مېيىپلىكىنى

ئېتىراپ قىلىش؛ يەنە بىرى، گىش ئورنىدا تامامەن مە-
دىرلىسيالمايدىغان بولۇپ قالغۇچە داۋاملىق ئىشلەش.

پاۋېل كېيىنكىسىنى تاللىدى.

بىر كۈنى، ئوبلاستلىق سەھىيە باشقارمىسىنىڭ
باشلىقى بارتېلىك پاۋېلنىڭ چىرايىنىڭ تولىمۇ ئوسال-
لىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى زورمۇزور دوخ-
تۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتكۈزدى.

تەكشۈرۈشتىن مۇنداق پىكىر قويۇلدى:

داۋالاش ھەيئىتى يولداش پاۋېل كورچاگىن دەرھال
خىزمىتىنى توختىتىپ، قىرىمغا بېرىپ ئۇزاق مۇددەت
دەم ئېلىشى ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جىددىي داۋالى-
نىشى كېرەك، بولمىسا، ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرى-
شىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

پىكىرنىڭ ئالدىدا ئۇزۇندىن ئۇزۇن كېسەللىكلەر-
نىڭ ئىسمى لاتىنچە يېزىپ قويۇلغانىدى.

پاۋېل شۇندىلا ئۆزىنىڭ ئاساسىي كېسىلىنىڭ پۇ-
تىدا ئەمەسلىكىنى، بەلكى مەركىزىي نېرۋا سىستېمى-
سىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغانلىقىنى چۈشەندى.

پاۋېل تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ،
مەركىزىي كومىتېتنىڭ «كوممۇنا ئەزالىرى» ساناتورى-
يىسىگە كەلدى.

بۇ يەردە، پاۋېل تۇنجى قېتىم دېڭىزنى كۆردى.

مانا چەكسىز كۆپكۆك ھەيۋەتلىك دېڭىز. ئۇ خۇددى پارقىراق مەرمەر تاشتەك كۆز يەتكۈسىز يىراق ـ يىراقـ لارغا سوزۇلۇپ، كۆكۈش تۇمان ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ.

ساناتورىيىنىڭ قېشىغا چوڭ باغ جايلاشقانىدى، پاۋېل پات ـ پات ئۇ يەردە يالغۇز ئولتۇراتتى.

ئۇ بۇ يەردە خاركوپ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى دورا رۇدكىنا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ھەم ئۇنىڭ بىلەن يېقىن دوست بولۇپ قالدى.

ئۇ يەنە ژاركى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن خىزمەتداشلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتى.

نېمىدېگەن چوڭ ئۆزگىرىش ـ ھە، تاشقى دۇنيا نېمىدېگەن ئېسىل!

پاۋېل مۇددەتتىن بۇرۇن دوختۇرخانىدىن چىقتى، ئۆكتىچىلەر يەنە جېدەل قىلىۋاتاتتى.

بۇ جىددىي پەيتتە، ھەربىر بولشېۋىك خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇشى، ئۆز جايىغا قايتىشى كېرەك ئىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ساناتورىيىدە بىرمۇ ئادەم قالمىدى.

پاۋېل سانائەت رايونلىرىنىڭ بىرىگە ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى قىلىپ ئەۋەتىلدى.

بىر كۈنى، پاۋېل ئىككى خىزمەتچى خادىم بىلەن بىللە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شەھەر ئەتراپىدىكى رايونلار-نىڭ بىرىگە كېتىۋاتقاندا، ماشىنا ئاغدۇرۇلۇپ يول يا-قىسىدىكى ئازگالغا چۈشۈپ كەتتى.

پاۋېل يارىلىنىپ، دوختۇرخانىغا كىرىپ قالدى. بىرنەچچە تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى تەكشۈرگەندىن كېيىن، دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىش قارارىغا كەلدى.

ئوپېراتسىيە بۆلۈمى.

ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدە ياتقان پاۋېل ئەتراپقا قاراپ قويدى.

سېسترا قىز پىچاق، قىسقۇچلارنى جاي-جايىغا قويۇۋاتاتتى.

مەسئۇل دوختۇر بازانوۋا پاۋېلنىڭ پۇتىدىكى تې-ڭىقنى يېشىۋېتىپ، پەس ئاۋاز بىلەن:

— ئۇ تەرەپكە قارىماڭ، قارىسىڭىز نېرۋىڭىزغا تە-سىر قىلىدۇ، — دېدى.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، پاۋېلنىڭ يۈزىنى پۈ-تۈنلەي يېپىپ قويۇشتى.

ھېلىقى پروفېسسور پاۋېلغا:

— قورقماڭ، سىزگە ناركوز بېرىمىز، بۇرنىڭىز بىلەن چوڭقۇر نەپەس ئېلىڭ، بىر، ئىككى، ئۈچ دەپ ساناڭ، — دېدى.

نىقاب ئاستىدىن پەسقىنا ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ماقۇل، ئاغزىمىدىن ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىدىغان قاملاشمىغان سۆزلەر ئۈچۈن ئالدىن ئەپۇ سورايمەن.

پروفېسسور ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

ئاندىن كىشىنىڭ نەپسىنى بوغۇدىغان ناركوز دورىسى تېمىتىلدى.

پاۋېل چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، سانلارنى ئېنىق ئېنىق چىقىرىشقا تىرىشىپ سانىدى....

ئوپېراتسىيىدىن كېيىن، پاۋېلنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشى بولدى، لېكىن دوختۇر بازانوۋا يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، پاۋېلنى ئۆيىگە ئاپاردى، ئۇنىڭ دادىسى پاۋېلنى ئۆزى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ قويدى.

ئۇنىڭ دادىسى مەشھۇر تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئىدى.

ئۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، قىزىنىڭ ئۆزىگىلا:

— بۇ ياش يىگىتنى پالەچلىك پاجىئەسى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، بۇنىڭغا بىزنىڭ ئىلاجىمىز يوق، — دېدى.

بازانوۋا نېمە دېيىشنى بىلمەي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن ئېھتىيات بىلەن پاۋېلغا:

— يېۋپاتورىيىنىڭ پانتاق بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى

سالامەتلىكىڭىزنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم بې-رىشى مۇمكىن، كۆزگىچە قايتىدىن خىزمەت ئىشلىگۈ-دەك بولۇپ قالىسىز. بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل، — دېدى.

ئۇ بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا، بىر جۈپ تولىمۇ ئۆتكۈر كۆز ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزدىن، توغرىسىنى ئېيت-قاندا، سىزنىڭ ئەگىتىپ ئېيتقان سۆزلىرىڭىزدىن كې-سەلىمنىڭ ئېغىرلىقىنى سېزىپ بولدۇم. ئېسىڭىزدە باردۇ، مەن سىزدىن راست گەپنى دېيىشىڭىزنى سورى-غانىدىم. يوشۇرماي دېسىڭىز، مەن ھەرگىز ئاڭلاپ ھو-شۇمدىن كېتىپ قالمايمەن، ئەسلا ئۆلۈۋالمايمەن. لېكىن كەلگۈسىدە قانداق بولىدىغانلىقىمنى بىلگۈم كېلىۋا-تىدۇ، — دېدى پاۋېل.

باژانوۋا چاقچاق قىلىپ، گەپنى قەستەن بۇرىۋەتتى.

خوشلاشقاندا، باژانوۋا ئۇنىڭغا سەمىمىي جېكىلىدى:

— يولداش كورچاگىن، سىزگە بولغان دوستلۇ-قۇمنى ئۇنتۇپ قالماڭ. كەلگۈسىدە ھاياتىڭىزدا قانداق ئەھۋاللارنىڭ بولۇشىنى بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر مېنىڭ ياردىمىمگە ياكى مەسلىھەتىمگە موھتاج بولۇپ قالسىڭىز، خەت يېزىڭ. ھەرۋاقىت سىزگە ياردەم بې-رىشكە تەييارمەن.

باژانوۋا خۇرۇم چاپان كىيگەن ئېگىز بويلۇق پا-

ۋېلىنىڭ ھاسىسىغا تايىنىپ، دەرۋازا ئالدىدىكى كىراكەش پوۋۇشكا تەرەپكە ئاران ـ ئاران مېڭىپ كېتىۋاتقىنىنىغا دېرىزىدىن قاراپ تۇردى.

پاۋېل يەنە جەنۇبتىكى يېۋپاتورىيىگە كەلدى.

كېسەلخانىدا پاۋېل نېمىس ئىشچى ئېنبېرنىڭ بىلەن تونۇشتى، گەرچە پاۋېل نېمىسچىنى بىلمىسىمۇ ئىككىيلەن تېزلا ياخشى دوست بولۇپ قالدى.

كىچىككىنە گۈللۈكتە بەش كىشى دائىم بىللە بولاتتى، باشقىلار قىزىقچىلىق قىلىپ ئۇلارنى «كوم-مۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى» دەپ ئاتايتتى. ئۇ بەشەيلەن بەش مىللەتكە ۋەكىللىك قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ بىرى پاۋېل، بىرى ئېنبېرنىڭ، بىرى ئېستونىيىلىك ۋايمان، بىرى لاتىۋىيىلىك ئايال مارتالا ئۇزرىن، يەنە بىرى سىبىرىيىلىك لېدېنىپ ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئىلھام بېرىپ، بىرلىكتە كېسەللىك بى-لەن جەڭ قىلاتتى.

بىر كۈنى پاۋېل ئويلىمىغان يەردىن ئانىسىدىن كەلگەن بىرپارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. ئانا خېتىدە، ئۆ-زىنىڭ كونا دوستى ئالبىنا كيۇتسامنىڭ يېۋپاتورىيىگە يېقىن بىر پرىنستاندا تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇن بەش يىل-دىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگەنلىكىنى، شۇڭا

ئوغلىنىڭ ئۇنى يوقلاپ قويۇشنى ئۇمىد قىلىدىغانلىقىـ
ـنى يازغانىدى.

كيۆتسامىلارنىڭ ئۆيىدە ئانائانا ـ لىبنا كيۆتسام، ئۇـ
نىڭ قىزلىرى لىلىيە بىلەن تايە، لىلىيەنىڭ ئوغلى ۋە
بوۋاي كيۆتسام بولۇپ بەش جان بارئىدى.

لىلىيە ئىلگىرى ماشىنىست ئىدى، يېقىندا ئېرىـ
ـدىن ئاجرىشىپ كېتىپ، هازىر ئۆيدە، بالىسىغا قارايتتى
ھەمدە ئانىسىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەتتى.

ئۇنىڭ بىلەن تايە پاۋېلنىڭ ئوبدان دوستى بولۇپ
قالدى.

پاۋېل خاركوۋقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەرـ
كىزىي كومىتېتنىڭ مۇھىم ئىشلار بۆلۈمىدە ئىشلىدى.
ئۇ ئىشقا كىرىشىشىم بىلەنلا يېڭىۋاشتىن ماغدۇرۇمغا
كېلىمەن دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا
ئويلىغانلىقىنى بايقىدى، ئۇنىڭ پات ـ پاتلا پۇت ـ قولى
ئۇيۇشۇپ قالاتتى، ھەتتا بەزىدە پۈتۈن بەدىنى ھەرىكەتتىن
قېلىپ، قىزىپ كېتەتتى.

ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ قالدى.

مەركەز ئۇنى خىزمەتتىن ئاجراتتى ھەمدە نەپىقە
پۇلى مېيىپلىق گۇۋاھنامىسىنى بەردى.

پاۋېل يەنە قىرىمنىڭ ھېلىقى ئىللىق دېڭىز بوـ
يىغا كەلدى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەممە نەرسە ئەھمىيەتسىز

ئىدى.

دېڭىز تېپتىنچ ھەم ئۆزگىرىشچان ئىدى، دېڭىز دولقۇنى قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

پاۋېل دېڭىز بويىدىكى بىر ئۆزۈن ئورۇندۇقتا، بېشىنى ئىككى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ، خىيال دەرياسىغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى.

ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن ھازىرغىچە بولغان ھاياتى كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. 24 يىلدىن بۇيان، ئۆز ھاياتىنى ياخشى ئۆتكۈزدىمۇ ياكى يامان ئۆتكۈزدىمۇ؟ ئۇ گويا خالىس سودىيىدەك ئۆز ھاياتىنى تەكشۈرۈپ چىقتى.

ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەت ھاسىل قىلدى.

لېكىن بىرمۇنچە خاتالىقلارنىمۇ سادىر قىلدى، بۇلار تەجرىبىسىزلىكتىن، ياشلىقتىن، ھەتتا گۆدەكلىكتىن بولغان خاتالىقلار ئىدى.

ئەمما ئەڭ ئاساسلىقى، ئۇ قايناق كۈرەشلەردە، ئۇخلاپ ياتمىدى، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتەك دەھشەتلىك كۈرەشتە، ئۆز مەيداندا چىڭ تۇردى، قىزىل بايراقتا ئۇنىڭمۇ بىرنەچچە تامچە قېنى بار!

.....

ئۇ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى — كۈرەش قىلىش

ئىقتىدارىنى يوقاتقاندىن كېيىن، يەنە ياشاپ نېمە قىلىدۇ؟ بۇگۈنكى كۈندە ۋە كەلگۈسىدىكى ئازابلىق كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ مەنىلىك ياشاۋاتقانلىقىنى نېمە بىلەن ئىسپاتلايدۇ؟ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى نېمە بىلەن تولۇقلىيالايدۇ؟ يېيىش، ئىچىش، نەپەس ئېلىش بىلەنمۇ؟ ئۇ ئەمدى تاماشىبىن سۈپىتىدە چەتتە قاراپ تۇرسۇنمۇ؟ ئۆزىنىڭ تېنىنى يوق قىلىۋەتسۇنمۇ؟ يۈرەككە توغرىلاپ بىر پاي ئوق ئاتسا، ھەممە مەسىلە ھەل بولىدۇ! ئۆلۈش ئالدىدا ئاغرىق ئازابىنى تارتىشنى خالىمىغان بىر جەڭچىنى كىممۇ ئەيىبلىيەلەيدۇ؟

ئۇ يانچۇقىدىكى سىلىقدىلىپ كەتكەن بىرونىك تاپانچىنى تۇتتى، بارمىقى ئادەت بويىچە تاپانچىنىڭ دەستىسىنى چىڭ سىقىپ، ئۇنى يانچۇقىدىن ئاستا سۇغۇرۇپ چىقاردى. ئۇ ئۆزىگە:

— كىممۇ سېنى مۇشۇ كۈنگە قالار دەپ ئويلىغان؟ — دەپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى.

تاپانچىنىڭ ئاغزى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى.

.....

ئۇ بىردىنلا تاپانچىنى تىزىغا قويۇپ ئۆزىنى قاتتىق تىللىدى:

— بۇ ساختا قەھرىمانلىق! پەقەت ئەخمەقلەرلا ئۆ-

زىنى ئۆلتۈرۈۋالدۇ! تۇرمۇش ئۈستىدىن غالىب كې-
لىشنى نېمىشقا ئويلاپ باقمايسەن؟.... تۇرمۇش كۆچۈ-
رۈش چىدىغۇسىز دەرىجىگە يەتكەندىمۇ قەيسەرلىك بى-
لەن ياشا، ھاياتنى خەلققە پايدىلىق قىلىشنى بىل!

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چوڭ يول تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئۇ تاپەنىڭكىدە تۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ قايتىپ كەلگەندە، تاپە ئۇنى ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى.
پاۋېل تاپەگە ھەممىنى ئېنىق چۈشەندۈرمەكچى بولدى.

— تاپە، قەدىرلىكىم، ماڭا تا ئۆلگۈچە ھېچنېمە
بولمايدۇ... بۈگۈنكى ئىشلارنى ساڭا ئېيتىپ بەرگۈم
كېلىۋاتىدۇ.

پاۋېل ئۆزىنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بۇيانقى
كەيپىياتىنى ۋە شەھەر سىرتىدىكى باغچىدا ئويلىغانلى-
رىنىڭ كۆپ قىسمىنى تاپەگە سۆزلەپ بەردى.

— .... سەن ھاياتنى يېڭىۋاشتىن باشلىشىڭ كېرەك،
تاپە. ھەر ئىككىمىزنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ھازىر كۆ-
ڭۈللۈك ئەمەس. مەن بۇنداق ھاياتنى ئوت قويۇپ كۆيدۈ-
رىۋېتىش قارارىغا كەلدىم. مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى
چۈشىنىۋاتامسەن؟ سەن مېنىڭ ھەمرىيىم، مېنىڭ خو-
تۇنۇم بولۇشنى خالامسەن؟

تاپە بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى.

پاۋېل سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن سىېنى بۇگۇنلا جاۋاب بەرگىن دېمەكچى ئەمەسمەن، ئوبدان ئويلىنىپ باق... سەن ئېھتىياجلىق نەرسىلەر مەندە نۇرغۇن، شۇنداقلا مەن ئېھتىياجلىق نەرسىلەر سەندىمۇ نۇرغۇن. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مەن تا-مامەن پالەچ بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن. بىراق ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئۇ چاغدا مەن سىېنى ھەرگىز تۇتۇپ قالماي-مەن.

ئۇ تايەنىڭ قولىنى مەھكەم ھەم قىزغىن تۇتۇپ تۇراتتى.

— ھازىر مەن ئۆزۈمنىڭ دوستلۇقىمنى ۋە مۇھەب-بىتىمنى ساڭا سۇنىمەن.

.....

پاۋېل كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى، كىتاب ئوقۇش ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنى تايە ئۇنىڭغا:

— مەن ئىشكاپنى يۆتكەپ، سىېنىڭ خاناڭغا چىقى-دىغان ئىشىكنى ئېچىپ قويدۇم...، — دېدى.

پاۋېل بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

تايەمۇ خۇشال كۈلۈمسىرەپ قويدى....

پاۋېل بىلەن تايە يىراق دېگىز بويىدىكى بىر كى-چىك شەھەرگە كۆچۈپ باردى.

تايە ئۆز ئىشى بىلەن، پاۋېل كىتاب ئوقۇش بىلەن

ئايال جۈدىل مۈشۈ چاغدىلا بۇ قىزغا دىققەت قىلدى. تاڭ سەھەرنىڭ خىرە نۇرى بىلەن ئۇغرىلار كۆتۈرۈۋالغان جىنچىراغلارنىڭ سۇس يورۇقىدا موماي بېشىنى كۆتۈ-رۈپ ئىسمىرالداغا گۇمانسىراپ قارىدى.

— سىز كىم بولىسىز؟ — سورىدى موماي.

— مەن سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى بىلمەن! سىز قارىماققا سىگانلارغا ئوخشايدىكەنسىز! سىگانلارغا ئوخ-شايدىكەنسىز! سىز...

موماي توساتتىن توختاپ قالدى، قانداقتۇر بىرنەرسە ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ يەردە بېغىرلاپ يېتىپ، ئەتراپنى سىلاپ ـ سىيە-پاپ ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدى.

— ھە، بۇ يەردىكەن، — ھېچنېمە بولماپتۇ، — مو-ماي سۆزلىگەچ بىر پاي قىز بوۋاقنىڭ ئايىغىنى ئالدى.

— ئۇ ئاياغنى مەن كۆرۈپ باقاي! — ۋارقىرىدى ئىسمىرالدا، — مەن كۆرۈپ باقاي، مەن كۆرۈپ باقمىسام زادىلا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا سىگان قىز بويىندىكى يېشىل ئەينەك ئورنىتىلغان تۇگۈنچەكنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرنەرسىنى ئالدى. ئۇمۇ ئوخشاش بىر پاي ئاياغ، موناخ ئايالنىڭ قولىدىكىگە ئوپمۇئوخشاش بىر پاي ئاياغ ئىدى.

قىز دىققەت قىلىشقا باشلىدى، ئۇ ئىلگىرى بۇ

پاۋېلنىڭ ھاياتى تەڭداشسىز قەيسەر ھايات ئىدى.

زىمىستان قىش كېتىپ، ئىللىق باھار دېرىزىلەرنى ئاچتى.

قانسىراپ كەتكەن پاۋېل ئاخىرقى ئوپېراتسىيىدىن ئامان چىقتى ـ دە، دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدى.

دوختۇر ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشنى تەكلىپ قىلغىنىدا، ئۇ قەتئىي تۈردە:

ـــ بولدى، شۇمۇ كۇپايە، قېنىمنىڭ بىر قىسمىنى ئىلىم ـ پەنگە تەقدىم قىلدىم، قالغىنى باشقا ئىشلار ئۈچۈن ئۆزۈمگە لازىم، ـــ دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇ يېڭى ھاياتنى بەرپا قىلغۇچىلارنىڭ قوشۇنىغا قايتىپ بېرىشنىڭ يولىنى قەتئىي تۈردە تاللىۋالدى.

پاۋېل شۇ كۈنىلا مەركىزىي كومىتېتقا خەت يېزىپ، خوتۇنى موسكۋادا ئىشلەۋاتقانلىقتىن يەنە ئارىلىقتا چېپىپ يۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئۆزىگە موسكۋادا تۇرغۇدەك جاي تېپىپ بېرىشكە ياردەم قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى.

بۇ ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدا پارتىيىدىن تۇنجى قېتىم ياردەم سورىشى ئىدى.

ئۇ بىر ئېغىز ئۆيگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، دوختۇرخانىغا ئىككىنچى قايتىپ كەلمىسەم ئىكەن دېگەن ئۈمىد بىلەن دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتى.

پاۋېل يېزىقچىلىققا كىرىشىپ كەتتى.

ئۇ بۇنى جەڭچىلەر قوشۇنىغا قايتىپ بېرىشنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ قارىدى.

ئۇ كوتوۋسكىنىڭ قەھرىمان ئاتلىق شىسى توغ-رىسىدا پوۋېست يېزىشنى پىلانلىدى.

كىتابىنىڭ نامىنى «بوران بالىلىرى» دەپ قويدى.

ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى، ئۇ قۇرلاردىن ئاستا ـ ئاستا ئەستايى-دىللىق بىلەن بەتلەرنى ھاسىل قىلاتتى.

ئۇ خاتىرىسىدىكى پۈتۈن ـ پۈتۈن بەتلەرنى، ھەتتا پۈتۈن ـ پۈتۈن بابلارنى يادقا ئوقۇيتتى.

ئانا ئوغلىنىڭ ئىشىنى چۈشەنمەيتتى، ئۇنىڭغا ئەندىشە بىلەن قارايتتى.

ئۇ يېزىۋاتقان چاغلاردا، ئانا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ كاشىلا قىلىشقا پېتىنالمايتتى، پەقەت يەرگە چۈشۈپ كەتكەن قولىيازمىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقان چاغدىلا ئەندىشە بىلەن:

— پاۋېل، قەدىرلىكىم، باشقا بىرەر ئىش قىلساڭ بولمامدۇ؟ كىم ساڭا ئوخشاش توختىماس خەت يېزىپ ئولتۇرىدۇ، — دەپ قوياتتى.

ئۇ ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، كۈلۈپ قوياتتى ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ئۆزىنىڭ تېخى تامامەن «سا-

رالى» بولۇش دەرىجىسىگە يەتمىگەنلىكىنى ئېيتاتتى.

پاۋېل ئالدىنقى ئۇچ بابنى يېزىپ بولۇپ، ئۇنى دوستلىرى ئارقىلىق كوتوۋىسكى شىمىدىكى پېشقەدەم يولداشلارغا پىكىر ئېلىش ئۇچۇن ئەۋەتىپ بەردى. ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ ياخشى بوپتۇ دېيىشتى. پاۋېل بۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ پوۋېستنى يېزىپ پۇتتۇرۇش قارارىغا كەلدى.

كېيىن قوشنىسىنىڭ قىزى گالىيە ئۇنىڭغا يار-دەملەشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېزىش سۈرئىتى تېز-لەشتى.

ئۇنىڭ دوستى لېدىنېۋ كەلگەندە، ئۇ پوۋېستنىڭ ئالدىنقى بىرنەچچە بابىنى ئوقۇپ چىقىپ:

— داۋاملاشتۇرۇۋەرگىن، دوستۇم! غەلىبە بىزگە مەنسۇپ. ئىشىنىمەنكى، سەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسەن، قوشۇنغا قايتىپ كېلىسەن! ئوغلۇم، ھەرگىز بوشاش-ما! — دېدى.

ئىش ئاياغلىشىشقا ئاز قالغانسېرى، ئۇنىڭ بوغۇل-غان ھېسسىياتلىرى ئۇنىڭ بوشاشماس ئىرادىسىگە توختىماي ئىلھام بېرىپ تۇراتتى.

ئەڭ ئاخىرقى باب يېزىلىپ بولدى.

گالىيە بىرنەچچە كۈن پوۋېستنى پاۋېلغا ئوقۇپ بەردى.

ئەته قولىيازما لېنىنگرادقا، ئوبلاستلىق كومىتېت مەدەنىيەت تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئەۋەتىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭغا «ئىجازەتنامە» بەرسە، ئۇنى نەشرىياتقا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، پاۋېلنىڭ تۇرمۇشى باشلىنىدۇ.

بۇ كىتاب پاۋېلنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيتتى. ئەگەر قولىيازما قايتۇرۇلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تۈگەشكىنى شۇ، ئەگەر ئۇنىڭ قىسمەن كەمچىلىكى بولسا، ئۇنى تۈزىتىپ بېرەلەيدۇ.

ئانا ئىغىر بولاقنى پوچتىغا ئېلىپ كەتتى.

ئىنتىزارلىق كۈنلەر باشلاندى.

نەشرىياتنىڭ جىم بولۇۋېلىشى بارغانسېرى كىشىنى تەقەززا قىلاتتى.

نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.

ئۈمىد ئۈزۈشكە باشلىغان چاغدا، لېنىنگرادتىن خەت كەلدى:

*«پوۋېست قالتىس ماختاشقا سازاۋەر بولدى، يېقىندا نەشر قىلىنىدىغان بولدى. سىزنى تەبرىكلەيمىز!»*

پاۋېلنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئارزۇسى ئاخىر ئىشقا ئاشتى.

شۇنداق، هاياتنىڭ كىشەنلىرى ئۈزۈپ تاشلاندى، ئۇ

يەنە روھلۇق ھالدا يېڭى قورال بىلەن قوراللىنىپ، يەنە
يېڭى ھاياتنى باشلىدى.

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

«پولات قانداق تاۋلاندى» دا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىك 1915 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخىي مەزگىلدە يۈز بەرگەن. ئۇنىڭدا باش قەھرىمان پاۋېل كورچاگىننىڭ ئاددىي ئىشچى ئائىلىسىدىن كې- لىپ چىققان بىر بالىدىن خەلق قەھرىمانى بولۇپ يې- تىلگەنگە قەدەر بولغان جەڭگىۋار مۇساپىسى سۆزلىنى- دۇ. ئۇنىڭدا باش قەھرىماننىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى ۋە خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈ- رۈش مەزگىللىرىدىكى كەچۈرمىشلىرى ۋە ئىپادىسى ئارقىلىق، پاۋېل كورچاگىندەك ئىرادىسى كۈچلۈك، ھېسسىياتقا باي، مۇھەببەت نەپرىتى ئېنىق، جانلىق بولغان ئاددىي خەلق قەھرىماننىڭ ئوبرازى يارىتىلغان، ئۇ بىر داستان كەبى ئەدەبىي ئەسەر.

پاۋېل كورچاگىن ئاپتور ياراتقان مەركىزىي پېر- سوناژ، شۇنداقلا كىتابتا يارىتىلغان ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت- لىك كوممۇنىزم جەڭچىسىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇ نامراتلىق ۋە ئاچارچىلىق ئىچىدە چوڭ بولىدۇ، بالىلىق

دۇرىدىكى پاۋېلدا ئاللىبۇرۇنلا تۇرمۇشقا نىسبەتەن نارا-
زىلىق ۋە قارشىلىق كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ. باشلانغۇچ
مەكتەپتىكى ۋاقتىدا، پوپنىڭ خرىستىئان ئەقىدىلىرىگە
قارىتا دادىل سوئال قويىدۇ ھەمدە پوپ ئائىلىسىنىڭ
پاسخا بايرىمىلىق بولكىسىغا تاماكا ئارىلاشتۇرۇۋېتىش-
تەك كەپسىزلىكى ئارقىلىق پوپقا بولغان نارازىلىقىنى
بىلدۈرىدۇ. بالا ئىشچى بولغان مەزگىلدە، ئۇ خوجايىنلار-
نىڭ خالىغانچە بۇزۇپ-چېچىشلىرىنى ۋە ئىشچىلارنىڭ
جاپالىق تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇ-
لىقى بىلەن ئاڭلاپ، بايلارغا، پۈتكۈل كونا جەمئىيەتكە
بولغان نارازىلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. بۇنداق قارشى-
لىق كۆرسىتىش ئىدىيىسى ئېزىلگۈچى سىنىپنىڭ
ئىستىخىيىلىك ئېڭىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار
جىنايەتنىڭ مەنبەسىنى تۈپتىن چۈشىنەلمەيدۇ، ئۇنى
قانداق يوقىتىشنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ.

پىشقەدەم بولشېۋىك جوھرايىنىڭ تەسىرى ئارقى-
سىدا، ئۇ تەڭسىز تۇرمۇشنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىنى
چۈشىنىدۇ، كونا دۇنيانى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن «با-
تۇر، قەيسەر سىنىپىي قېرىنداش» ۋە «قەتئىي كۈرەش
قىلىدىغان پولاتتەك جەڭچى» بولۇش كېرەكلىكىنى
چۈشىنىدۇ. سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوغداش يولىدىكى
ئۇلۇغ كۈرەشكە پائال كىرىشىش جەريانىدا، ئۇ، بىر ئادەم

ۋەتەن بىلەن زىچ باغلانغاندىلا، ئاندىن مۆجىزە ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ: «مەن شەخسىي ئىشنى كوللېكتىپنىڭ ئىشى بىلەن قىلچە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدىغان ئىنقىلابچىلارنى قوۋۋەتلەيمەن» دېدۇ.

پاۋېل هامان پارتىيە ۋە ۋەتەننىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، قان ۋە ئوت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان دەۋردە، پاۋېل قېرىنداشلىرى بىللە بىللە جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىپ، سوۋېت هاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن، چەت ئەل قوراللىق ئارىلاشقۇچىلىرى ۋە ئاق باندىتلارغا قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلىدۇ. ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى داۋالاش، خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يىللىرىدا، پاۋېل يەنە پۈتۈن قىزغىنلىقى بىلەن تىنىچ ئەمگەككە كىرىشىدۇ، ئۇنىڭ جاپاغا چىداپ ئىشلەش روھى ۋە پىداكارلىق روھى بىرىنچى ئەۋلاد قۇرغۇچىلىرىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ.

تۆمۈريول ياساش جەريانىدا، پاۋېل تۇرغان پانكىراتوپ كىچىك ئەترىتى «جان تىكىپ ئالدىدا مېڭىپ»، «شىددەتلىك سۈرئەت» بىلەن ئىشلەيدۇ. پاۋېل ھېچقاچان تىز پۈكۈپ تەسلىم بولۇپ باقمايدۇ. ئۇ هامان ھەر ۋاقىت ئەڭ قاتتىق زەربىگە ئۇچراشقا تەييار تۇرىدۇ. ئۇ ھەممە سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىدۇ، ئۇ دوستلارغا مۇئامىلە

قىلىش، مۇھەببەت ۋە ئائىلە قاتارلىق مەسىلىلەردىمۇ سىناقتا بەرداشلىق بېرىپ، يۈكسەك كوممۇنىستىك ئەخلاق پرىنسىپىنى نامايەن قىلىدۇ.

پاۋېل پۇتتونلەي پالەچ بولغان ۋە ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغاندىن كېيىن، بەك ئازابلىنىپ، ئۆزىنى تۇتتۇۋالالمايدۇ، ئۇنىڭدا ئۆلۈۋېلىش خىيالى پەيدا بولىدۇ، بۇ چاغدا ئەسەردىكى ۋەقەلىك تەرەققىي قىلىپ جىددىي دەرىجىگە يېتىدۇ. ئۆلىۋېتىش ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغان بىلەن باراۋەر — دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن تاپانچىنىڭ ئاغزى «پاۋېلنىڭ كۆزىگە مەنىستەسلىك بىلەن قادىلىپ تۇراتتى» شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىگە رەھىمسىز قاتتىق پوزىتسىيە بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «بۇرادەر، سەن ئادەتتە قەھرىمانلارچە ئىش قىلىش كېرەك، دەيتتىڭ، بۇ پۇتتونلەي قۇرۇق گەپ ئىكەندە!... سەن بۇنداق تۇرمۇش ئۇستىدىن غالىپ كېلىشنى سىناپ باقتىڭمۇ!... سەن بۇ تۆمۈر قىپەزدىن بۆسۈپ چىقىشقا ھەممە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقتىڭمۇ؟ تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندىمۇ، ھايات ياشاش ئامالىنى قىلىپ، تۇرمۇشنى تېخىمۇ پايدىلىق قىلىش كېرەك. قوشۇندىن چۈشۈپ قېلىشتىنمۇ قورقۇنۇشلۇق ئىش يوق.» ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان ياش كومپارتىيە ئەزاسىغا نىسبەتەن

ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھاياتىدا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى داۋاملىق پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدى. ئۇ پا-جىئەلىك تەقدىرنىڭ زەربىسىنى كۈچلۈك قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ، قوشۇنغا قايتىش يولىدىكى كۈرەشنى باشلايدۇ. پاۋېل ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنى كۈچى بىلەن، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش پرىنسىپىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ: «ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — ھايات، ئۇ ئادەمگە بىر قېتىملا كېلىدۇ. ئادەم ئۆز ھاياتىنى شۇنداق ئۆتكۈزۈشى كېرەككى، ئۆتكەن ھاياتىنى ئەسلىگەندە، يىللار مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ، دەپ ئېچىنمايدىغان بولسۇن، تۇرمۇشتا چاكىنا ئىشلارنى قىلىپ قويۇپتىمەن، دەپ خىجىل بولمايدىغان بولسۇن؛ ئۆلۈش ئالدىدا ئۇ: ‹مەن پۈتكۈل ھاياتىمنى ۋە كۈچقۇۋۋىتىمنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىشقا — پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىق يولىدىكى كۈرەشكە بېغىشلىدىم، دېيەلەيدىغان بولسۇن.› بۇ — پا-ۋېلنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ ھەقىقىي كۆرۈنۈشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىقىنىڭ چوڭقۇر يىغىنچاقلىنىشى.

پاۋېل — قەيسەر، ئاڭلىق ياش بولشېۋىكنىڭ ئوب-رازى. بۇ ئوبرازنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

1. ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق روھ.

ئۇ جەڭ مەيدانىدا ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچ ئوينىتىپ، قان تۆكۈپ جەڭ قىلىپ، هاياتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي-دۇ؛ ئېغىر يارىلانغاندا، ئۇ ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىپ، كە-شىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك قەيسەرلىك بىلەن دوختۇر-لارنى تاڭ قالدۇرىدۇ. تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىدا ئىشلىگەن كۈنلەردە، ناچار ھاۋا كېلىماتى ۋە ئىنتايىن جاپالىق خىزمەت شارائىتى ئالدىدا، ئۇ ئاجايىپ قەيسەرلىك بىلەن قالدۇق باندىتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە كېسەلنىڭ تەھدىتىنى يېڭىپ، جاپالىق مۇھىتتا تەڭداشسىز كۈچ-لۈك بولۇپ چېنىقىدۇ.

2. قىلچە ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدىغان ئۇلۇغ-ۋار روھ. پاۋېل كۈندىلىك تۇرمۇشتا، پارتىيىنىڭ ئوب-رازىنى قوغداشقا ھەرۋاقىت دىققەت قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى پاكلىقىنى كۆز قارچۇقىنى ئاسرى-خاندەك ئاسرايدۇ. ئۇ بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازى-يىنىڭ چاكىنا قىلىقلىرىغا قاتتىق مەنسىتمەسلىك بىلەن قارايدۇ، ناتوغرا ئىستىللارنى باتۇرلۇق بىلەن تەن-قىد قىلىدۇ. بولۇپمۇ پارتىيە ئىچىدىكى يات كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەشتە، قورشاپ ھۇجۇم قىلىشلاردىن قورقماي، پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇرلارنىڭ شەرمەندىلەرچە ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ.

3. يۈكسەك كوممۇنىستىك كىشىلىك تۇرمۇش

قارىشى ۋە ئەخلاقىي غايە. پاۋېل ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا ئۇرمان بېگىنىڭ قىزى تونە بىلەن پاك مۇھەببەت باغلىشىدۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان سىنىپىي ئورۇن ۋە تۇرمۇش سەرگۈزەشتى ئۇلارنى ئايرىۋېتىدۇ. پاۋېل پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل سىنىپىي ئاڭنى كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى سەگەكلىك بىلەن ئاڭقىرىپ، ئىنقىلابىي جەڭچىنىڭ ئىززىتىنى قوغدايدۇ. پاۋېل ئۆزىنىڭ مەسلەكدىشى رىتا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە مۇھەببەتنى «كۆكۈيۈنچە» بىر تەرەپ قىلغانلىقىدەك خاتالىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى سەممىي تەكشۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلە، مۇھەببەت، خىزمەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى كەسكىن، قىزغىن، سەممىي پوزىتسىيىسى بىر كوممۇنىزمچىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان چوڭقۇر چۈشەنچىسى ۋە ھەقىقىي قىزغىن مۇھەببىتىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. پاۋېلنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەۋرىسى ئالدىدىكى «ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — ھايات» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئوي ـ پىكرى ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش، قىممەت قارىشى جەھەتتىكى يۈكسەك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئاپتور باش قەھرىماننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى دەۋرىدىكى كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش

ئاستىغا قويۇپ، پاۋېلنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، ئۆكـتەبىر ئىنقىلابى ۋە ئىچكى ئۇرۇشتىن تارتىپ خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەۋرىگىچە بولغان بىر قاتار چوڭ - چوڭ ۋەقەلەردىكى سەرگۈزەشتى ۋە ئىپادىـسىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق باش قەھرىماننىڭ ئىدىيۋى خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تارىخىي يوسۇندا نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. پاۋېلنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسى ۋە قەيسەر مىجەزى تۇغما ئەمەس، بەلكى جەڭ ۋە ئەمگەك جەريانىدا، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ۋە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش داۋامىدا تاۋلىنىپ چىققان، پارتىيە ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا، كوممۇنىزم ئۇلۇغ غايىسىنىڭ ئىلھامى بىلەن يېتىشىپ چىققان. ئاپتور پاۋېلنى ھەممىگە قادىر ئادەم قىلىپ كۆرسەتمىگەن.

ئاپتور پاۋېل كورچاگىننى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بىر قەھرىمان سۈپىتىدە، قانداق قىلىپ ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنىڭ يالقۇنلۇق ئوتى ئىچىدە، ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى ئۈزلۈكسىز تازىلاپ، ئۆزىنى ئەڭ چىداملىق، ساپ پولات قىلىپ تاۋلىغانلىقىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئۇ قىزىل ئارمىيىگە يېڭىلا قاتناشقاندا، جەڭگە قاتنىشىش تەشنالىقى بىلەن، ئۆزىچىلا پىيادە قىسمىدىن

ئايرىلىپ بۇدىيوننى ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمىغا كىرىدۇ، ئىنتىزامسىزلىق قىلىپ، ئەركىن ـ چېچىلاڭغۇ بولۇشـ تەك پارتىزانلىق ئىستىلىنى ئىپادىلەيدۇ. كېيىن كېـ سەلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، ھەرۋاقىت پالەچ بولۇپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلغاندا، پاۋېل ھايات ياشاشنىڭ قىمـ مىتى ۋە ئەھمىيىتىدىن ئېچىنىشلىق ھالدا ئۈمىد ئۈـ زۈپ، تاپانچا بىلەن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولىدۇ. بۇ تەسۋىرلەر پاۋېلنىڭ قەھرىمانلىغا خاس شانلىق ئوبرازىغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ، ئەكسىچە بۇ ئىچكى ـ تاشـ قى زىددىيەتلەرنى دادىل ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق، بىر جانلىق ئىنقىلابچىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولى جانلىق، ئەينەن ئەكس ئەتتۇرۇلۇپ، پاۋېلنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ۋە ئوبرازى تېخىمۇ چىنلىقلاشتۇرۇلىدۇ.

روماندا پاۋېلنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى تەسـ ۋىرلەنگەندىن باشقا، يەنە خەت ـ چەكلەر، روھىي ھالەت تەسۋىرلىرى قاتارلىقلار ئارقىلىق، پاۋېلنىڭ بىرنەچچە قىز بىلەن بولغان ھېسسىيات كەچۈرمىشى بايان قىـ لىنىپ، پاۋېلنىڭ گۈزەللىك، مۇھەببەت ۋە ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي گۈزەل ھېسسىياتقا بولغان ئىنتىلىشى نامايەن قىلىنىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىـ دۇكى، تونە بىلەن پاۋېلنىڭ مۇھەببىتى پۈتكۈل رومانـ نىڭ ئەڭ تەسىرلىك قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تونە

تا بوگۇنگىچە نۇرغۇن جۇڭگولۇقلارنىڭ قەلبىدە پاك رۇس قىزلىرىنىڭ گۇزەل ئوبرازى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ چاچلىرى قوڭۇر، ياقىسىدا كۆك يوللىرى بار ئاق ماتىروسچە كوپتا ۋە ئاچ كۆلرەڭ قىسقا يوپكا كىيگەن، مىجەزى ئوچۇق ـ يورۇق، پاك ـ دادىل مۇھەببەت قارىشىغا ئىگە. بالا ۋاقتىدىكى پاۋېل خۇرسىنغان ھالدا: «ھاياتلىق يولىدا بۇ قىز بىلەن تونۇشقانلىقىم مەن ئۇچۇن ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن زور بەخت ئىدى» دەيدۇ.

پاۋېل تونەنى ياخشى كۆرمەيدۇ ئەمەس، بەلكى تونەنىڭ ئاتالمىش «شەخسىيەتچىلىك» (بۇمۇ پەقەت پاۋېلنىڭ يولداشلىرىنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا قاتناشقاندا، تونەنىڭ چىرايلىق كىيىنىپ، پوزۇر يۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى) لىرىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى دەپ مۇھەببەتتىن ۋاز كېچىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغاندا، كۆز ئالدىدا «سارغايغان يوپۇرماقلار جىمى يەرنى قاپلىغان» باغدا، «خىرە پارقىراپ تۇرغان» دنېپىر دەرياسى، «ئالتۇن رەڭ شەپەقنىڭ خىرە شولىسى»، «كۆپكۆك كۆل سۈيى» نامايەن بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ چاغدىكى پېرسوناژلارنىڭ روھى ھالىتىگە ماسلاشقان ھالدا رومىاندا ئاز كۆرۈلىدىغان ھەسرەتلىك ھالەت سۈرەتلەپ بېرىلىدۇ.

ئۇلار ئىككىسى ئاخىر بىرلىشەلمىگەن بولسىمۇ،

لېكىن پاۋېل بىلەن تونىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى گۈزەل، پاك دەسلەپكى مۇھەببىتى كىشىنى تولىمۇ زوقلاندۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر شۇنى كۆرىدۇكى، بوران ـ چاپقۇندا گۈرجەك تۇتۇپ تۇرغان پاۋېل ئۇچىسىغا قاما پەلتۇ كىيگەن، نازۇك قوللىرىنى يېڭىگە تىقىۋالغان تونە بىلەن قايتا كۆرۈشكەندە كىشىلەر پەقەتلا ئىچىدە ئېچىنىدۇ، لېكىن قىلچە ئاغرىنمايدۇ.

«پولات قانداق تاۋلاندى» دۇنياغا كەلگەندىن بۇيانقى، ئاتمىش يىل مابەينىدە، ئۆز رولىنى يوقاتمىدى. بۇ رومان يازغۇچىنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرىدىن ئېلىنغان، شۇڭا كىشىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدۇ. رومانىنىڭ بارلىق تەسىرى باش قەھرىماننىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىنى دەۋر قىلىدۇ. قۇرۇلمىسى زىچ باغلانغان، تەبىئىي، چىن. پاۋېلنىڭ ئوبرازى تا بۈگۈنگىچە ئۆچمەس ئىددىيىۋى شانلىق نۇرىنى چاچماقتا. جان چىقمىغۇچە كۈرەشنى توختاتماسلىق روھى ئاللىقاچان دەۋر چېكىدىن ھالقىپ كەتتى.

«پولات قانداق تاۋلاندى» نىڭ ئەڭ توپ ماھىيەتلىك ئىدىيىسى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا مۇنداق بىر قاتار مۇھىم ھەم رېئال مەسىلىلەرنى قويىدى: ئادەم قانداق ياشىغاندا ئەھمىيەتلىك بولىدۇ؟ ئادەم ئىنقىلاب ئىشىغا (ياكى

ئۆزىنىڭ غايىسىگە) قانداق قارىشى كېرەك؟ ھاياتتىكى قىيىنچىلىق ۋە بەختسىزلىكنى قانداق يېڭىشى كې-رەك؟ بۇ مەسىلىلەر ھامان پاۋېلنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇ-رىدۇ، شۇنداقلا ھەربىرىمىزنىڭ قەلبىنىمۇ ھاياجانلاندۇ-رۇپ تۇرىدۇ، دەل مۇشۇ مەسىلىلەرنىڭ جاۋابى جەھەتتە، ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر، ئوخشاش بولمىغان مىل-لەتلەردىكى غايىلىك ياشلار ئىدىيە جەھەتتە يېقىنلاشتى ھەمدە ئورتاقلىق ھاسىل قىلدى، بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ زور ئىدىيىۋى سېھرى كۈچى ئەنە شۇ يەردە.

كېيىن پاۋېل كورچاكېن كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئەھۋالدا، «بوران بالىلىرى» دېگەن كىتابنى مۇ-شەققەت بىلەن يېزىپ پۈتتۈرىدۇ، بۇ كىتاب ناھايىتى تېزلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولىدۇ. كىتابنى يېزىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ ئويلانغىنى ئۆلۈمگە قانداق قاراش، قانداق ياشاش مەسىلىسىدىن ئىبارەت بو-لىدۇ، ئۇ ھايات ـ ماماتلىق مەسىلىسى ئۈستىدە تولۇق ئويلانغاندىن كېيىن، يازغان رومانىنىڭ تەسىرى باشقىچە بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئوستروۋسكى يەنە مونولوگ ئار-قىلىق ئويىنى ئىچىپ بېرىش ئۇسۇلىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، پاۋېل جىسمانىي جەھەتتىن

پوتونلەي تۈگەشكەندە، ئەمدى قوشۇنغا قايتالمايدىغان بولدۇم، دەپ ئۇممىدسىزلىنىپ، كاللىسىدا بىردىنلا ئۆلۈۋېلىش نىيىتى پەيدا بولۇپ، تاپانچىسىنى چىقىرىدۇ، لېكىن «تاپانچىنىڭ ئاغرى ئۇنىڭ كۆزىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قادىلىپ تۇراتتى»، بۇ قانداق قەھرىمانلىق ـ ھە، بۇ پوتونلەي بىر ساختىلىق ۋە پاۋېل رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆزىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ: «سەن ئادەتتە قەھرىمانلارچە ئىش قىلىش كېرەك دېيتتىڭ، بايا بۇ پوتونلەي قۇرۇق گەپ ئىكەندە!... سەن بۇنداق تۇرمۇش ئۈستىدىن غالىپ كېلىشنى سىناپ باقتىڭمۇ؟.... سەن بۇ تۆمۈر قەپەزدىن بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن ھەممە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ باقتىڭمۇ؟... تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندىمۇ، ھايات ياشاش ئامالىنى قىلىپ، تۇرمۇشنى پايدىلىق قىلىش كېرەك. قوشۇندىن چۈشۈپ قېلىشتىنمۇ قورقۇنۇچلۇق ئىش يوق.»

بۇ مونولوگلار پاۋېلنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەت ۋە ئۆزگىرىشلەرنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ پاجىئەلىك زەربىنى كۈچلۈك قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ، قوشۇنغا قايتىش يولىدىكى كۈرەشنى باشلايدۇ. بۇ چاغدا پاۋېلنىڭ ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھى يېڭى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ

تۇرمۇش پرىنسىپىنى ئەمەلدە كۆرسىتىدۇ: ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — ھايات. ئۇ ئادەمگە بىر قېتىملا كېلىدۇ. ئادەم ئۆز ھاياتىنى شۇنداق ئۆتكۈزۈشى كېرەككى، ئۆتكەن ھاياتىنى ئەسلىگەندە، يىللار مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ، دەپ ئېچىنمايدىغان بولسۇن، تۇرمۇشتا چاكىنا ئىشلارنى قىلىپ قويۇپتىمەن، دەپ خىجىل بولمايدىغان بولسۇن، ئۆلۈش ئالدىدا ئۇ: «مەن پۈتكۈل ھاياتىمنى ۋە كۈچقۇۋۋىتىمنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار ئىشقا — پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىق يولىدىكى كۈرەشكە بېغىشلىدىم!» دېيەلىسۇن. مانا بۇ پاۋېلنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ ھەقىقىي كۆرۈنۈشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ئۇمىدۋارلىقىنىڭ چوڭقۇر يىغىنچاقلىنىشى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتور نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلىك ئىبارەتلىك سۆزلەر بىلەن باش قەھرىماننىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كۈندىلىك خاتىرە ئۇسلۇبىدا يان تەرەپتىن تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، باش قەھرىماننىڭ ئۆسۈپ- يېتىلىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇنداق لىرىكىلىق ئەدەبىي ئۇسلۇب ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىنى چۈشەندۈرگەندە، ئاپتور مۇنداق دەيدۇ: «پولات

كۈچلۈك ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ، قاتتىق سوغدا تاۋلىنىدۇ، شۇڭا ناھايىتى چىڭ بولىدۇ، بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەرمۇ مۇشۇنداق كۈرەشتە ۋە جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە تاۋلاندۇق ھەمدە تۇرمۇشتا ئىشەنچنى يوقاتماسلىقنى ئۆگەندۇق.»

شۇنىڭ ئۈچۈن، پاۋېلنىڭ ئوبرازى — سوتسىيالىستىك ياش ئەۋلاتلارنىڭ ئەڭ شانلىق، ئەڭ تىپىك ۋەكىلى؛ شۇنداقلا پاۋېل دېگەن نامنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى قىتئەلەردە ياشاپ تۇرالىشى — «پولات قانداق تاۋلاندى» نىڭ ياشلارنىڭ تۇرمۇش دەرسلىكى بولۇپ قالالىشىدىكى تۈپ سەۋەب. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇن ياكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەت جەھەتتە بولسۇن، بۇ روماننى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداقلا ئوقۇرمەنلەرگە بولغان تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە زورلۇقىدىن ئېيتقاندا، ئۇ دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ تەڭداشسىز ئورۇن تۇتىدۇ.

رومان ۋە ئۇنىڭدىكى باش قەھرىمان مەملىكىتىمىزدىكى ئوقۇرمەنلەرگە ناھايىتى تونۇشلۇق. ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى سانسىزلىغان ياشلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشىغا ئىلھام بەردى. رومانىدىكى پاۋېلنىڭ سەپداشلىرى قەۋرىسى ئالدىدىكى مۇنۇ ئوي ـ پىكرى ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش نە-

سىھىتى بولۇپ قالدى: ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — ھايات. ئۇ ئادەمگە بىر قېتىملا كېلىدۇ. ئادەم ئۆز ھاياتىنى شۇنداق ئۆتكۈزۈشى كېرەككى، ئۆتكەن ھاياتىنى ئەسلىگەندە، يىللار مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ، دەپ ئېچىنمايدىغان بولسۇن، تۇرمۇشتا چاكىنا ئىشلارنى قىلىپ قويۇپتىمەن، دەپ خىجىل بولمايدىغان بولسۇن؛ ئۆلۈش ئالدىدا ئۇ: «مەن پۈتكۈل ھاياتىمنى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىمنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار ئىشقا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىق يولىدىكى كۈرەشكە بېغىشلىدىم!» دېيەلىسۇن.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

«پولات قانداق تاۋلاندى» ئوستروۋسكى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاساس قىلىپ ئىجاد قىلغان بىر رومان بولۇپ، ئۇ رۇسىيىنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن تارتىپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، ئىچكى ئۇرۇش ۋە خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىگىچە بولغان كەڭ ئىجتىمائىي تارىخىي كۆرۈنۈشنى نامايەن قىلىدۇ.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ھاكىمىيىتى بارلىققا كەلدى، لېكىن رۇسىيە كېلىشىم تۈزۈشكەن

دۆلەتلەر گورۇھىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەنىلا گېرمانىيە، ئاۋستراليە بىلەن ئۇرۇش قىلىش ھالىتىدە تۇراتتى، دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سوۋېت روسىيىسى برېست سۈلھ شەرتنامىسىنى تۈزدى. لېكىن، كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەتلەردىكى جاھانگىرلار «روسىيىنى قوغداش» نامى بىلەن، سوۋېت روسىيىگە قوراللىق ئارىلىشىشنى قارار قىلدى. شۇنداقلا روسىيىدىكى تۈرلۈك ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇلارنى قوراللاندۇرۇپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرماقچى بولدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا چەت ئەللەرنىڭ قوراللىق ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇش بىلەن ئىچكى ئۇرۇش گىرەلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گېرمانىيە قوشۇنلىرى برېست سۈلھ شەرتنامىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دون دەرياسى رايونى ۋە قىرىمغا كىرىپ، ئاقلار جياڭجۈنى دىنكىن ۋە كراسنوۋ قاتارلىقلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنى قوللىدى. ئوتتۇرا قىسىمدا يەنە چېخوسلاۋاك جۈنتۈەنىنىڭ توپىلىڭى يۈز بەردى ھەمدە قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە بەزى ئاساسىي شەھەرلەرنى ۋە كەڭ رايونلارنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، بۇ رايونلاردىكى باي دېھقانلارنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى، ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچى دېموكراتلار، سوتسىيال

ئىنقىلابچىلار قاتارلىقلار ئەكسىلئىنقىلابى ھۆكۈمەت قۇردى. 1918 ـ يىلىغا كەلگەندە، سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ئۇرۇش ئوتىنىڭ قورشاۋىدا قالدى، قىزىل بايراق دۆلەت زېمىنىنىڭ ئاران تۆتتىن بىر قىسمىدىلا لەپىلدەپ تۇردى. مۇشۇنداق ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا، چەت ئەل قوراللىق ئارىلاشقۇچىلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن رۇسىيە مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى ھەربىي جەھەتتە قىزىل ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، 18 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان خەلقنى ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇپ، ئىشچى دېھ- قانلار ئاممىسىنى ئارمىيىگە قىزغىن قاتنىشىشقا كەڭ سەپەرۋەر قىلدى. بولشېۋىكلار پارتىيىسى ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، قىزىل ئارمىيە ھەرقايسى جەڭ مەيدانلىرىدا ئىچكى ـ تاشقى ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچلەرگە قارشى باتۇرلارچە جەڭ قىلدى. 1920 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئىچكى ئۇرۇش ۋە چەت ئەل قوراللىق ئارىلاشقۇچىلىرىغا قارشى كۈرەش ئاساسەن ئا- ياقلاشتى، يېڭى سوۋېت ھاكىمىيىتى قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ مۇستەھكەملەندى.

لېكىن كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قورشاۋىدا تۇ- رۇۋاتقاچقا، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىقتىساد ۋەيران بولۇش

گىرداۋىغا بېرىپ قالىدۇ، قالاق، تارقاق ھالەتتىكى ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكتە ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئاچارچىلىق ئىچىدە قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە رۇسىيە كومپارتىيىسى يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويۇشنى قارار قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، خەلق ئىگىلىكىدە روشەن ياخشىلىنىش بولىدۇ، 1925 ـ يىلىغا كەلگەندە، خەلق ئىگىلىكى ئاساسەن ئەسلىگە كېلىدۇ. 1927 ـ يىلى رۇسىيە كومپارتىيىسىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيى 1928 ـ يىلدىن 1932 ـ يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىرىنچى بەش يىللىق پىلان كۆرسەتكۈچىنى قوللايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى چاررۇسىيىسىنىڭ چىرىكلىك، قالاقلىق ئازابىنى يەتكۈچە تارتقاندىن كېيىن، ئۇلۇغۋار بەش يىللىق پىلاننىڭ ئىلھامى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، سوتسىيالىزم قۇرۇش قىزغىن دولقۇنىنى قوزغايدۇ.

بۇ زىددىيەت بىلەن تولغان ئەنسىز دەۋردە، ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئۈمىدكە ئىگە بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتقان بۇ دەۋردە، كۈرەش ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ روھى ۋە ئىدىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا ھەل قىلغۇچ تەسىرگە ئىگە بولدى. نۇرغۇن يازغۇچىلار بۇنى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلىپ، نەزىرىنى ياشلارغا تىكىدۇ ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد سوۋېت ياشلىرىنىڭ بولشېۋىكلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش يولىدا ئىچكى - تاشقى سىنىپىي دۈشمەنلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىنتايىن جاپالىق كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەپ يازىدۇ. ئوستروۋىسكى ئەنە شۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن يېڭى بىر ئەۋلاد ياش، قەيسەر، شەخسىي غەرەزسىز بىر كوممۇنىزم جەڭچىسى ئىدى. ئۇ بۇ ئۇلۇغ دەۋرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە سانسىزلىغان ياشلار بىلەن بىر سەپتە جەڭ قىلغان بولغاچقا، پۈتۈن بەدىنى پالەچ بولۇپ، ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ كۈن بويى كارىۋاتتا يېتىشقا مەجبۇر بولغان ئەھۋالدىمۇ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قەيسەرلىك بىلەن كېسەل كارىۋىتىدا «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن بۇ كاتتا ئەسەرنى يېزىپ تاماملىدى، رومان نەشردىن چىقىش بىلەنلا زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئاپتور ياراتقان باش قەھرىمان پاۋېلمۇ ئۇلۇغ پرولېتارىيات

جەڭچىلەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

پاۋېل كورچاگىن: نامرات تۆمۈر يول ئىشچىسى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. شاگىرت، ئىشچى بولغان. تۇرمۇشتىكى مۇشكۈلاتلار ئۇنىڭ مىجەزىنى قەيسەرلەشتۈرۈپ، قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا ئىگە قىلىدۇ. 13 يېشىدا ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى جوھرايىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى، تەربىيىسى بىلەن، ئىنقىلابنىڭ داۋلىسىنى چۈشىنىدۇ. يوشۇرۇن ئىنقىلاب ۋە ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە باتۇر قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى ۋە قەيسەر پرولېتارىيات جەڭچىسى بولۇپ يېتىلىدۇ. ئىنتايىن قىيىن بولغان خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە، جىسمانىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى ۋە تاشقى مۇھىتنىڭ قاتتىق سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، قەتئىيلىك بىلەن تۆمۈريول ياساشقا قاتنىشىدۇ. كېيىن كېسەل سەۋەبىدىن مەجرۇھ بولۇپ، ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىدۇ، پۈتۈن بەدىنى پالەچ بولىدۇ. كېيىن كىشىنى ھەيران قىلارلىق جاسارەت بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان پرولېتارىيات

قەھرىمانى.

جوھراي: كىتابتىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ بىرى، بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، پاۋېل كورچاگىننىڭ تۇنجى يول كۆرسەتكۈچىسى. ئېغىر، سالماق، تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە، پاۋېلغا ئوخشاش زور تۈركۈمدىكى ياشلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئىنقىلابىي پائالىيەتكە قاتناشتۇرغان، پىشقەدەم بولشېۋىكلارنىڭ ۋەكىلى.

تونە: كىتابتىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ بىرى. ئورمان بېگىنىڭ قىزى، پاۋېلنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى ھەمرىيى، ياشلىق دەۋرىدىكى سۆيگىنى، ئۇ بايلارنىڭ قىزلىرىغا ئوخشىمايتتى، پاۋېلنى مازاق ۋە ھاقارەت قىلمايتتى. بىراق كېيىن راھەت تۇرمۇشقا بېرىلىپ، ئىشچىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. پاۋېلدىنمۇ ئايرىلىپ كېتىدۇ.

رىتا: كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى. پاۋېل ئۆلكە مەركىزىگە قايتىپ تۆمۈريول ئىككىنچى زاۋۇتى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغاندا، پاۋېل بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، پاۋېلنىڭ سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشىگە دائىم يېتەكچىلىك قىلىدۇ، كېيىن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىدۇ. رىتا زىرەك، قىزغىن،

خىزمەتتە ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرىغا ئىشەنچى تولۇپ تاشقان، كۆچلۈك خوجتايىنلىق روھى ۋە گۈزەل كەلگۈسىگە بولغان ئارزۇ ـ ئىستىكى ئۇنى پاۋېل بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە قىلىدۇ، لېكىن ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن، ئۇ ئىككىسى ھەقىقىي ئائىلە قۇرالمايدۇ.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

پاۋېل كورچاگىندىن ئىبارەت بۇ تىپىك بەدىئىي ئوبرازنى ۋە بۇ ئوبرازنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىگىلەش. ئەسەردە كۆندىلىك خاتىرە ئۇسلۇبىدا بايان قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، پىسخىك تەسۋىرگە ئەھمىيەت بېرىلگەن، ھېكمەتلىك سۆزلەر كۆپ.

كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئىچكى ئۇرۇش تەسۋىرلىنىدۇ. رومان ۋاسىلى پوپنىڭ كىچىك پاۋېلنى جازالىشىدەك تۇرمۇش پۈرۈقىغا ئىگە كۆرۈنۈش بىلەن باشلىنىپ، روماننىڭ باش قەھرىمانىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىدىغان خاراكتېرىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، تۆتىنچى بابلار ئىللىق مۇھەببەت بىلەن

تولغان بولۇپ، كۆل بويىدا پاۋېل تونە بىلەن تونۇشىدۇ، پاۋېلنىڭ باتۇرلۇقىمۇ تونەنىڭ يۈرەك تارىنى تەدرىجىي تىترىتىدۇ، پاك، ئۆچىسىغا ئاق ماترۇسچە كوفتا كىيگەن تونەمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئۇچىنچى بابنىڭ بېشىدا، ئاپتور ئەتراپىتىكى مەنزىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق تونەنىڭ كىچىك قىزلارغا خاس ھەم مۇھەببەتلىك، ھەم ئالاقزادىلىك روھى ھالىتىنى ئەپچىللىك بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر كېيىن بۇ «قارا كۆز ئوغۇل بالا» بىلەن تونەنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىدۇ، شۇبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ گۈزەل ـ ساپ مۇھەببىتى پۈتۈن كىتابنىڭ ئەڭ گۈزەل بابلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ پۈتۈن كىتابنىڭ ئاساسىي تېمىسىنىڭ ئومۇمىيۈلۈك كېڭەيتىلگەن قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا «پولات» نىڭ تاۋلىنىش ۋە «پولات» قا ئايلىنىش جەريانى يەنى پاۋېلنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا كۈندىن كۈنگە پىشىپ يېتىلىش جەريانى بايان قىلىنىدۇ. بۇ قىسمىدا ئىككىنچى، سەككىزىنچى ۋە توققۇزىنچى بابلار ھەممىدىن مۇھىم بابلار ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى باب «پولات» نىڭ تاۋلىنىش جەريانى بولۇپ، پاۋېل 400 دىن ئارتۇق يولداش بىلەن قار ـ شىۋىرغانلىق كۈنلەردە، پاتقاق يوللاردا تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدۇ، قەيسەر، ئىگىلمەس، پىداكارانە پاۋېل كورچاگىن روھى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىنكى جاپا ـ مۇشەققەت ۋە سوۋېت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپە يارىتىش روھىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ، پۈتۈن كىتابنىڭ كىشىنى ئەڭ ھاياجانلاندۇرىدىغان يېرى.

سەككىزىنچى، توققۇزىنچى بابلار پۈتۈن كىتابنىڭ ئاخىرقى بابلىرى بولۇپ، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان پاۋېل دېڭىز ياقىسىغا بېرىپ ئارام ئالىدۇ، ئۇ ئۆلۈۋېلىش ئويىنى يېڭىپ، كۈچلۈك قەيسەرلىك بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىدۇ ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، ئىنقىلابىي «پولات» ئاخىرى مۇشۇ يەردە تاۋلىنىپ چىقىدۇ.

كىشىنىڭ سىدام سىزمىسى بولۇپ، ئۇلار تارىخىي داستان ئۇسلۇبى ئارقىلىق ھەقىقىي ئادەملەردىنمۇ كەڭ دائىرىدە سۈرەتلەنگەن.»

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

«پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى» ئىيۇل ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1831 ـ يىلى يېزىلغان. بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن ياۋروپا قىتئەسى سىياسىي چوڭ داۋالـغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، فېئودال كۈچلەر بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدا تىرىلىش بىلەن تىرىلىشكە قارشى كەسكىن كۈرەش داۋاملىشىۋاتاتتى، فرانسىيە ئەكسىيەتچى بوربون خاندانلىقى ئەمدىلا ئاغدۇرۇلغاچقا، پارىژ خەلقى ناھايىتى ھاياجانلانغانىدى. ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىمۇ دېموكراتىزمغا بەكلا مايىل ئىدى.

ناپولېئوننىڭ ئىمپېرىيە خىيالى يۇز كۆنلۈك خاندانلىق ۋە ۋوتېرلوئو ئۇرۇشىدا قاباھەتلىك چۈشكە ئايلانغاندىن كېيىن، فرانسىيە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كەينىگە چېكىنىپ، بوربون خاندانلىقى قايتا تىرىلىشتەك قالايمىقانچىلىق ئىچىگە پېتىپ قالدى، چوڭ ئىنقىلاب يېرىم يولدا توختاپ قېلىپ، بىر مەيدان چوڭ قىرغىنچىلىققا ئايلاندى. لۇئى XVIII ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى چارىس X نىڭ تېتىقسىز، چاكىنا سىياسىتى نەتىجىسىدە،

فرانسىيىنى بارغانسېرى ئەنسىزچىلىك قاپلىدى. رېئال-
لىقنى ئاساس قىلغۇچى مۇتەپەككۇرلار ۋەزىيەتتىن گۇ-
مانلىنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ياش زىيالىيلار قەھر-
غەزەپكە كەلدى، چۈنكى، چوڭ ئىنقىلاب دەۋرىدە ئۇلار
تېخى گۆدەك، ناپولېئوننىڭ ئىمپېرىيىسىمۇ ئېسىدە
بولمىغاچقا، ناپولېئون ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى كۆككە
كۆتۈرۈپ ماختاپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى كۈچلۈك
تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، 1851 - يىلى بىرلەشمە
ئارمىيە تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىنغان زېمىنلارنى قايتۇرۇۋې-
لىپ، فرانسىيىنى قايتىدىن راۋاج تاپقۇزۇشنى ئوتتۇرىغا
قويدى. 1820 - يىلى چارلىس X ھېچ سەۋەبسىزلا ئال-
جىرىيىگە ئۇرۇش قوزغىغاچقا، قوزغىلاڭچىلار بۇ پۇر-
سەتتىن پايدىلىنىپ پايتەخت پارىژنى ئىگىلىۋالدى،
شۇنداقلا خانغا تەختتىن چۈشۈش بۇيرۇقى چىقاردى.

غەلىبىدىن كېيىنكى قوزغىلاڭچىلار يەنە ئارقا-
ئارقىدىن خاتالىق سادىر قىلدى، ھەرقايسى گۇرۇھلار
ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش - تالاش ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغاچقا،
ئاخىر ئىنقىلاب مېۋىسىنى قولدىن بېرىپ قويدى. بور-
بون خانىدانلىقى جەمەتىنىڭ يەنە بىر ئەزاسى لۇئى فى-
لىپ چارلىس X نىڭ ۋارىسى بولۇۋېلىپ، ئۆزىنى تەڭرى
ۋەھيي قىلغان ۋە دۆلەت خەلقى سايلىغان خان قىلىپ
كۆرسەتتى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ تەختتىلا ئولتۇرىدىغانلى-
قى، ئەمما سىياسىيغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

بىراق، ئۇ ئۆزىنى قانداقلا پەردازلىسۇن، بۇنداق پاكىتنى ھەرگىز يوشۇرالمايتتى: لۇئى فىلىپ ئىقتىدارسىز، گالۋاڭ، چاكىنىلاردىنلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ۋاقتى ئۆتكەن بوربون خانىدانلىقى تۈزۈمىنىڭ سىمۋولى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاخىر پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۆپلىگەن سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى.

ئىيۇل ئىنقىلابى قايتىدىن تىرىلگەن بوربون خانىدانلىقىنى بىراقلا ئاغدۇرۇۋەتتى، قىزغىن غايىچىلەر دېموكراتىيىگە ئېتىقاد قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك تەرەققىياتىغا ئۈمىدىنى باغلىدى ھەم «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك»، «مېھرىبانلىق» قاتارلىق ئىلغار شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. «پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى» مانا مۇشۇنداق قاتمۇقات زىددىيەت بىلەن تولغان، ئەمما يەنە داۋالغۇش ھەم ئۈمىدلىك كەيپىيات قاپلىغان ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىدە دۇنياغا كەلدى.

ئاپتور ئەسەردە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ۋەقەلىكتىن پايدىلىنىپ، فېئودال مۇستەبىتلىك بىلەن كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن ئومۇمىي ھېساب ئالدى، يەنە 1815 ـ 1830 ـ يىللىرىدىكى بوربون خانىدانلىقىنىڭ زوراۋان ھاكىمىيىتىنى چوڭقۇر تەنقىد قىلدى.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

ئېسمېرادا: «پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋى»دىكى ئايال باش قەھرىمان. گۈزەل، ئاق كۆڭۈل، قىزغىن، ھېسسىداشلىق قىلىش روھىغا باي، تۇرمۇشقا نىسبەتەن يۈكسەك غايىگە ئىگە سىگان قىز. ئۇ كوچىدا ئويۇن قويۇپ تاپقان پۇلغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئېسمېرادا بىر قېتىم تاسادىپىي ھالدا، ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان ياش ئوفىتسېر فابىي فېبىسنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. فېبىس بىلەن بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا، ئېسمېرادانى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ قەستىدە يۈرگەن باستېر كروت فۇرونۇ ئوفىتسېرغا خەنجەر تىقىۋېتىپ، جىنايەتنى ئېسمېراداغا ئارتىپ قويىدۇ. ئەڭ ئاخىردا، قىزنىڭ ياش، گۈزەل ھاياتى دار ئاستىدا ئاخىرلىشىدۇ.

كاشىمودو: پارىژدىكى بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ قوڭغۇراقچىسى، چىراي تۇرقى ئادەتتىن تاشقىرى سەت، ئەمما ئاق كۆڭۈل، ئىلگىرى ئۇ باققان ئاتىسى كروت فۇرونۇنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئېسمېرادانى بۇلىماقچى بولغاندى. كېيىن بۇ قىزنىڭ گۈزەل ھەم ئاق كۆڭۈللۈكىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالىدۇ ھەم كۆپ قېتىم خەتەرگە قارىماي ئۇنى قۇتقۇزىدۇ، ئەڭ ئاخىردا بۇ قىز بىلەن بىرگە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

كروت فۇرونۇ: پارىژدىكى بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ باستېرى. كۆرۈنۈشتە سالاپەتلىك، خوتۇن ـ قىزلارغا كۆز قىرىنى سالمايدىغاندەك بولۇۋالىدىغان، ئەمەلىيەتتە ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئىسمىرادانى قولغا كىرگۈزۈشنى ئويلايدىغان ئادەم. ئۇ رەزىل غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرال-مىغاندا، ئىسمىراداغا زىيانكەشلىك قىلىپ دارغا ئاستۇ-رىدۇ. يامانلىقى ئۆزىگە قايتىپ، ئەڭ ئاخىردا ئۇمۇ چېركاۋ ئۈستىدىن يىقىلىپ ئۆلىدۇ. كروت فۇرونۇ ئە-زەلدىن ساختا ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ، رەزىل دىنىنىڭ سىم-ۋولى، دىنىنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا مىجەز ـ خاراكتېرى غەيرىي نورمال تەرەققىي قىلغان پېرسوناژ دەپ قارىلىپ كەلمەكتە.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

ئەسەرنىڭ ئالتىنچى قىسىم تۆتىنچى بابىدىكى «بىر تامچە كۆز يېشىغا بىرتامچە سۇ»دا كاشىمۇدۇ جازا مۇنبىرىدە سازايى قىلىنىپ، بولۇشىچە ھاقارەتلەنگەندە، قىزچاق ئىسمىرادا ئىلگىرىكى ئاداۋەتنى بىرياققا قايرىپ قويۇپ ئۇنىڭغا سۇ بېرىدۇ، ئۇ ئەسەرنىڭ كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان قىسمىدۇر.

سەككىزىنچى قىسىم ئۈچىنچى بابتىكى «كۈمۈش تەڭگىنىڭ ياپراققا ئايلىنىپ قېلىشى—داۋامى»دا دىنىي سوت ئىسمىرادانى سوراق قىلغاندا، قىزچاق پاكىت

قويۇپ چىلاڭ تۇرۇۋالىدۇ، ئەمما سوت قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ ئىقرار قىلدۇرىدۇ، ئاپتور سوراقخاندىنىڭ دوزاختەك مۇدھىش ۋە ۋەھىمىلىك ئىكەنلىكىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، فېئوداللىق قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ ۋەھشىيلىكىنى تەنقىد قىلىدۇ.

گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنى سېلىشتۇرۇش پرىنسىپىنىڭ قوللىنىلىشى ئەسەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى. بۇ ئۇسۇل ئەسەردە پېرسوناژلارنىڭ ئىككى تەرىپىلىمىلىك پەرقىنى سېلىشتۇرۇشتىمۇ، ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى سېلىشتۇرۇشتىمۇ قوللىنىلغان. ئەسەرنىڭ بۇ پرىنسىپتىن پايدىلىنىپ پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقان ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىڭ.

رومانتىزملىق بەدىئىي ئالاھىدىلىك: روماننىڭ ۋەقەلىكى ئەگرى ـ توقاي، ئاجايىپ ـ غارايىپ، دراماتىك تۈسكە باي؛ ئوبراز يارىتىشتا مۇبالىغە قىلىشنىڭ ئۇنۇمى ئاساس قىلىنغان، تەسەۋۋۇرغا باي، ئەمما ئىنچىكە ھالقىلارنىڭ ئەينەنلىكى قوغلىشىلمىغان.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAzMjY1MDcuemlw",
  "filename_decoded": "40326507.zip",
  "filesize": 10780095,
  "md5": "1c19ec0d7870d718d66059c1e39aa407",
  "header_md5": "f96b3d8891646fdae53f5e42b2122171",
  "sha1": "ae219e4aed69bc2829282016e6a27619f8ba4d08",
  "sha256": "206bd067b53afcb87e65db76d4609320ea84933d830f546116e52ed612b89958",
  "crc32": 261312781,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 11125784,
  "pdg_dir_name": "\u2591\u2550\u2514\u03a6\u2569\u00d1\u2500\u2555\u2558\u2551
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326507",
  "pdg_main_pages_found": 204,
  "pdg_main_pages_max": 204,
  "total_pages": 217,
  "total_pixels": 591191052,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}